*Вәтәнни сөйүш - иманниң җүмлисидиндур*

ۋەتەننى سۆيۈش ـ ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر

قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق»
جەمئىيىتىنىڭ ئاممىۋىي ـ سىياسىي گېزىتى

Общественно - политическая газета
Общественного объединения уйгуров
“Иттипак” Кыргызской Республики

# ИТТИПАК ئىتتىپاق ЫНТЫМАК

№ 1 (879), январь, 2021 г.

2021ـيىل، قەھرىتان 1ـسان (879)

Газета издается с марта 1994 года

## В НОМЕРЕ:




*Нужна ли нам газета на родном языке? стр-2*





*Мурат Һәмраевниң туғулғанлиғиға 85 жил 10-бәт*





*ДУҚниң паалийәтлири 12-бәт*





*Человек года стр. 14*





*Әлвида, Устаз 15-бәт*


# Садыр Жапаров вступил в должность Президента Кыргызстана

# سادىر جاپاروۋ قىرغىزستان پرېزىدېنتى لاۋازىمىغا ئۆتتى



28 января 2021 года, в Бишкеке, в Национальной филармонии им Т.Сатылганова прошла торжественная церемония вступления **Садыра Жапарова** в должность Президента Кыргызстана. Торжественное мероприятие прошло без прессы. Прямую трансляцию показывали на большом экране на площади Ала-Тоо.

В своей речи Садыр Жапаров сказал: «Уважаемые кыргызстанцы, дорогие гости. В этот торжественный момент я особенно остро осознаю огромную ответственность перед моим народом, который мужественно и непобедимым трудом когда-то создавал на просторах Азии великую державу, за его настоящее и будущее. Это колоссальная и тяжелая ответственность. Великие личности, как Барсбек Каган, Мухамммед Кыргыз и Жусуп Абдрахманов и другие, брали ответственность за будущее целого народа. Считаю свои долгом и смыслом жизни служить и быть ответственным за судьбу народа, для меня это превыше всего. Народ, который имеет древнюю и славную историю, достоин иметь такое же будущее. Я, как все патриоты страны, мечтаю, чтобы Кыргызстан стал экономической развитой, сильной, свободной страной». Он отметил, что далек от оптимистической оценки экономической ситуации в стране, но выразил уверенность, что вместе с народом Кыргызстан выйдет из кризиса.

«Призываю всех объединиться и вместе открыть новую страницу в истории страны», - сказал он в заключение своей речи.

**АГЕНТСТВО КАКТУС МЕДИА**

*В церемонии инаугурации Президента КР принимали участие также руководители этно-культурных центров Ассамблеи народа Кыргызстана, в том числе председатель Общества уйгуров «Иттипак» Аскар Касымов.*

**2021**ـيىلىنىڭ **28**ـيانۋار كۈنى بىشكەك شەھىرىدە، توقتوغۇل ساتىلغانوۋ نامىدىكى قىرغىز مىللىي فىلارمونىيەسىدە سادىر جاپاروۋنىڭ قىرغىزستاننىڭ پرېزىدېنت لاۋازىمىغا ئۆتۈش مۇناسىۋىتى بىلەن تەنتەنىلىك مەرىكە بولۇپ ئۆتتى. بۇ مەرىكە «ئالا ـ توئو» مەيدانىدىكى چوڭ ئېكراندا ئوچۇق ئېفىردىن كۆرسىتىلدى.

سادىر جاپاروۋ ئۆز نۇتقىدا مۇنداق دېدى: ھۆرمەتلىك قىرغىزستانلىقلار، قىممەتلىك مېھمانلار! موشۇ تەنتەنىلىك پەيتتە خەلقىمىنىڭ ئالدىدا مەن ئۆزەمنىڭ ناھايىتى چوڭ جاۋاپكارلىغىمنى سېزىۋاتىمەن. ئۆتكەنكى زامانلاردا مېنىڭ خەلقىم ئاسىيە قىتئەسىنىڭ بوشلۇقلىرىدا ئۆزىنىڭ ھارماس ـ تالماس ئەمگىگى بىلەن بۈيۈك دۆلەتنى قۇرغان. مەن خەلقىمنىڭ بۈگۈنكى كۈنى ۋە كېلەچىگى ئۈچۈن چوڭ جاۋاپكارلىكنى ئۆز ئۈستۈمگە ئېلىۋاتىمەن. بۇ ناھايىتى ئېغىر جاۋاپكارلىق ئىش. بارسبېك قاغان، مۇھەممەت قىرغىز، يۇسۇپ ئابدراخمانوۋ ۋە باشقا بۈيۈك شەخسلەر ئۆز خەلقىنىڭ كېلەچىگى ئۈچۈن بۇ ئېغىر جاۋاپكەرلىكلەرنى ئۆز زىممىسىغا ئالغان. خەلقىمگە، ئۇنىڭ پارلاق كېلەچىگىگە خىزمەت قىلىش ئۆزەمنىڭ پەخرىي مەجبۇرىيىتىم ۋە جاۋاپكەرلىگىم دەپ ھېساپلايمەن. قەدىمىي ۋە شانلىق تارىخىدا ئېگە خەلق كېلەچەكتىمۇ مۇناسىپ ئورۇنلارنى ئېگەللەيدۇ. مەن بارلىق مەملىكىتىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىرى قاتارىدا كېلەچەكتە قىرغىزستاننىڭ ئىختىسات جەھەتتىن، كۈچلۈك ۋە ئەركىن مەملىكەت بولۇشىغا ئىشىنىمەن».

ئۇ شۇنداقلا قىرغىزستاننىڭ ھازىرقى ئىختىسات ساھاسىدىكى ئەھۋالى توغۇرلۇق توختۇلۇپ، يېقىنقى كېلەچەكتە بۇ ئىختىسات مەسىلىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا چوقۇم ئىشىنىدىغانلىغىنى بىلدۈردى.

يېڭى پرېزىدېنت ئۆزىنىڭ نۇتقىنى تۆۋەنكى سۆزلەر بىلەن ئاياقلاشتۇردى: «مەن ھەممىڭلارنى بىرلىشىشكە چاقىرىمەن ۋە بىرلىشىش ئارقىلىق بىز مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىدا يېڭى بەتنى ئاچىمىز».

**كاكتۇس ئەخبارات مەركىزى**

بۇ تەنتەنىلىك پرېزىدېنتلىق لاۋازىمىغا ئۆتۈش مۇراسىمىغا قىرغىزستان خەلقى ئاسسامبلېيەسىدىكى مىللىي ـ مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ رەئىسلىرى، شۇنداقلا قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئەسقەر قاسىمى قاتناشتى.

www.uyghurkitap.com



# Бизгә ана тилимизда чиқиватқан гезит керәкму?



**Абдурәхим Һапизи,**
**К.Карасаев намидики Бишкәк дөләт университетиниң чоң оқутқучиси, сәясәт пәнлириниң магистри**

Мана мошу соал бүгүнки күндә Қирғизстан уйғурлири үчүн әң чоң актуал мәсилигә айланмақта.

Мәтбуат – дөләт, җәмийәт, җамаәтчилик, хәлиқниң ичидә әң чоң рол ойнайдиған бирдин бир аммивий васитә болуп һесаплиниду.

Мана мошу аммивий мәтбуат васитилириниң ичидә (радио, телевизия, интернет...) гезит – журналларниң әһмийити зор. 1994 – жилдин башлап Қирғизстанда уйғур вә рус тиллирида чиқиватқан «Иттипақ» гезити пәқәт Қирғизстандила әмәс, пүткүл Мәркизий Асиядә чиқиватқан уйғур гезитлири ичидә бирдин бир иҗтимаий-сәясий гезит болуп кәлмәктә. Чүнки, бу гезитниң сәһипилиридә вәтинимиз Уйғуристанда хәлқимизгә қарита хитай даирилири тәрипидин қоллиниватқан вәһшийликләрни, Дуния уйғурлири курултейиниң (ДУҚниң) хәлиқара мәйданда елип бериватқан паалийәтлири вә уйғур хәлқиниң тарихи вә мәдәнийити үзлүксиз бесилип кәлмәктә. Биз шуни тәкитлишимиз керәкки, бизниң җумһурийитимиздә вә демократия сөз әркинлиги түпәйли иҗтимаий - сәясий «Иттипақ» гезитимиз чиқиватиду.

Қирғизстан хәлқиниң Ассамблеясидә 30ға йеқин миллий-мәдәнийәт мәркәзлири паалийәт жүргүзүп кәлмәктә. Шуларниң арисида уйғурларниң «Иттипақ» миллий-мәдәнийәт мәркизи әң чоң, актив миллий-мәдәнийәт-мәркәзлиридин бири болуп кәлмәктә. Уйғурлардин ташқири кәрс вә туңган миллий-мәдәнийәт мәркәзлириму өз гезитлирини һәр айда чиқирип кәлмәктә.

Әнди «Иттипақ» гезитиниң муштири топлаш мәсилисигә кәлсәк, бу төвәнкиләрдин ибарәт. Гезитимиз 10 жил бурун 5 миң нусха этрапида чиқатти. Һазирки күндә болса «Иттипақ» гезитимизниң нусхиси 3 миң 300 гә чүшүп қалди. Гезитимизниң бу әһвалға чүшүп қелишиға немә сәвәпләр елип кәлди дегән соаллар туғулиду.

Биринчидин, шуни тәкитлишимиз керәкки, 10 жил бурунки «Иттипақ» гезитидин һазирки күндә чиқиватқан «Иттипақ» гезитимиз мәзмунлуқ вә рәңлик тәрәптин сүпәтлик чиқип келиватиду.

Мән ойлаймәнки, гезитимизгә йезиливатқан адәмләрниң азийип кетишигә төвәнки асасий сәвәпләр чоқум рол ойниди вә ойнаватиду.

**1-сәвәп.** Бизниң бурунқи гезитимизниң җәнкөйәрлири – һөрмәтлик ақсақаллиримизниң, апилиримиз, дадилиримиз вә акилиримизниң Қирғизстандиму вә Қазақстандиму азийип кетиши;

**2-сәвәп.** Бир қисим диндар яшлиримизниң гезиткә йезилмайватқанлиғи;

**3-сәвәп.** Өзимизниң уйғурлири ичидин гезитимизгә қарши қиливатқан сәлбий һәрикәтлири;

**4-сәвәп.** Уйғур тилини, тарихини, мәдәнийитини сақлап қилиш ишида вә һазирки күндики уйғур дәваси бойичә дуния миқиясидә Дуния уйғур курултейиниң (ДУҚниң) паалийәтлири тоғрисида йезиватқан «Иттипақ» гезитимизгә көпчилик хәлқимизниң бепәрва қариши;

**5-сәвәп.** Мәктәпләрдә, орта вә алий оқуш жайлирида ишләватқан зиялий яшлиримиз аз әмәс. Әпсуски, улар вәтәнпәрвәрликтин, уйғур, гезит мәсилиридин жирақ, уларниң көп қисми бир кетимму «Иттипақ» гезитигә мақалиларни язғини йоқ. Әгәр улар уйғур тилини билмисә, гезит рус тилидиму чиқиватидиғу! Мошу жуқурида тәкитләп өтүлгән фактлар биз үчүн, уйғурлар үчүн аччиқ һәқиқәт, буни биз тән елишимиз керәк!

Биз, уйғурлар мошу жуқурида тәкитләп өтүлгән сәлбий сәвәплардин дәрис елип, мошу сәвәпләрдин халис болушимиз керәк, өзимизниң аң-сәвийәмизни ашуришимиз керәк, уйғурлиғимизни сақлап қелишимиз керәк!

Һәр жили «Иттипақ» гезитигә муштири топлаш кампаниясидә жигитбешилириға, җамаәт активистлириға гезиттин баш тартқан адәмләрниң төвәнки 4 сәвәпләрдин турған сөзлирини аңлап көрәйли.

**1-сәвәп.** Гезитни оқушқа вақтимиз йоқ.

**2-сәвәп.** Гезитниң муштири топлаш баһаси қиммәт.

**3-сәвәп.** Гезит қизиқ әмәс, гезиттә оқуйдиған нәрсә йоқ.

**4-сәвәп.** Биз Интернетта һәммини оқуймиз.

Очуқ ейтиш керәкки, мошу




жуқурида гезиткә йезилмаслиқ үчүн ейтилған сәвәпләр җәмийәт ишлириға пәрвасиз қарайдиған, өз хәлқиниң келәчигини ойлимайдиған вә пәқәт өз мәнпийитинила ойлиғучи шәхсләргә тәәллуқ.

Мән мана мошу аримиздики айрим шәхсләрниң сәлбий 4 сәвәплиригә җавап беришни тоғра көрдүм.

**1-сәвәп.** Гезитни оқушқа вақтимиз йоқ.

***Жаван:*** әй, бурадәр, «Иттипақ» гезитиниң бәтлиридә уйғур хәлқиниң тарихи, мәдәнийити, әдәбияти үзлүксиз бесилип кәлмәктә. Әгәр сениң вақтиң болмиса балилириң, нәвириң барғу?! Қени сениң уйғурлиғиң, қандақ сән яш әвлатқа тәрбийә берәләйсән!

**2-сәвәп.** Гезитниң муштири топлаш баһаси қиммәт.

***Жаван:*** әй, бурадәр, «Иттипақ» гезитиниң бир жилға муштири топлаш баһаси 400 сом. 400 сомни 12 айға бөләйли. Нәтиҗидә гезитниң бир айлиқ баһаси 33 сом 33 тийинға тоғра келидикән. «Иттипақ» гезити пәқәт Қирғизстанда әмәс, Мәркизий Асия вә Евразия бойичә әң әрзән гезитләрниң бири. Бизниң гезитни башқа гезитләр билән селиштүрүп көрәйли. Қирғизстанда чиқиватқан гезитләрниң бир жиллиқ муштири топлаш баһалири төвәндикичә:

«Дело» һәптилик гезити – жилиға муштири топлаш баһаси – 1584 сом
«Вечерний Бишкек» - 1056сом
«Слово Кыргызстана» - 1404 сом
«Комсомольская правда» - 1344 сом

Өзимизниң ана тилида чиқиватқан гезитимизгә қиммәт дәп йезилмайватқан болсақ, қени бизниң уйғурлиғимиз!

**3-сәвәп.** Гезит қизиқ әмәс, гезиттә оқуйдиған нәрсә йоқ.

***Жаван:*** гезитниң 16 бәтлириниң 8 бәтлиридә вәтинимиздики уйғурларниң дәһшәтлик әһвали, хәлиқара мәйданда Дуния уйғурлири курултейиниң хитай мустәмликичилиригә қарита елип бериватқан паалийәтлири үзлүксиз бесилип кәлмәктә. Бу оқуйдиған нәрсә әмәсма?! Әй, бурадәр, әгәр саңа уйғур мәсилиси, уйғурларниң келәрки әһвали қизиқарлиқ болмиса, сән өзәңни қандақ уйғур дәп һесаплайсән!

**4-сәвәп.** Биз Интернетта һәммини оқуймиз.

***Жаван:*** гезит дегән гезит. Биз Интернетта һәммини оқуймиз дегәнләр гезитимизгә йезилиштин баш тартқанларниң бир баниси.

Расмий аһалә ройхити бойичә Қирғизстанда 60 миңға йеқин уйғурлар яшайду (һәқиқәтәндә, Қирғизстанда уйғурлар 200 миңдин ошуқ).

(Давами 4-бәттә)

**Иттипак**
**Главный редактор:** باش مۇھەررىر:
*Акбаржан Баудунов* ئەكبەرجان باۋۇدۇن
**Зам. редактора:** مۇئاۋىن مۇھەررىرلەر:
*Абдурахим Хапизов* ئابدۇرەخىم ھاپىزى
*Осман Турдиев* ئۇسمان تۇردىيېۋ
**Редколлегия:** تەھرىر ھەيئىتى
*Музаппархан Курбанов* مۇزەپپەرخان قۇربانوۋ
*Мухаммеджан Ясынов* مۇھەممەتجان ياسىنوۋ
*Сабиджан Бабаджанов* سابىتجان باباجانوۋ
**Дизайнер - верстальщик:** دىزاينېرى - ۋېرستالشىكى:
*Зумрат Рузиева* زۇمرەت رۇزىيېۋا
**Набор текста:** تېكىستنى نابور قىلغان:
*Зумрат Рузиева* زۇمرەت رۇزىيېۋا
Материалы, опубликованные в газете, являются собственностью редакции. Письма, рукописи не рецензируются и не возвращаются. Авторы опубликованных материалов несут ответственность за подбор и точность приведенных фактов. Редакция может публиковать статьи в порядке обсуждения, не разделяя точку зрения автора. Отвественность за содержание статей и рекламы редакция не несет.
گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدىكى ماتېرىياللارنىڭ جاۋاپكەرلىگى مۇئەللىپ ئۈستىدە.
**Учредитель:**
**Общественное объединение уйгуров «Иттипак» Кыргызской Республики**
ساھىبى:
«ئىتتىپاق» جەمئىيىتى
**Свидетельство о перерегистрации 682, серия ГРП, номер 000833 Министерство юстиции КР**
**Отпечатано в типографии «Центр поддержки СМИ». Заказ №139, тираж 3300**
**г. Бишкек, АНК, Дом Дружбы, ул. Пушкина, 78**
**инд. :720040**
**Тел.: 62-04-50**
**66-40-04**

# Нужна ли нам газета на родном языке?

На сегодня данный вопрос для нас, уйгуров Кыргызстана становится одной из актуальных проблем.

Пресса - это одна из важнейших массовых средств информации, которая играет большую роль в государстве и обществе. Среди средств массовой информации (радио, телевидения, интернет...) особенно важную роль играют газеты и журналы.

Газета «Иттипак», выходящая с 1994 года на уйгурском и русском языках, является не только в Кыргызстане, но и по всей Центральной Азии единственной общественно-политической газетой среди уйгурских газет. На страницах данной газеты регулярно публикуются статьи и информации о трагических событиях на нашей исторической родине - Уйгуристане, о творимых бесчинствах и беззакониях в отношении нашего народа со стороны китайских властей, о деятельности Всемирного конгресса уйгуров (ВКУ) на международной арене, об истории и культуре уйгурского народа. Мы должны подчеркнуть то, что благодаря демократии и свободы слова в нашей республике, у нас выпускается общественно - политическая газета как «Иттипак»

В Ассамблее народа Кыргызстана (АНК) ведут свою деятельность 30 национально-культурных центров. Среди этих этно-культурных центров наиболее крупной и активной является Общественное объединение уйгуров Кыргызской Республики «Иттипак».

Помимо уйгуров, также свои газеты выпускают национально-культурные центры корейцев и дунган АНК.

В последнее время происходит тенденция к снижению числа подписчиков газеты «Иттипак».

Если 10 лет назад тираж газеты был 5 тысяч экземпляров, то на сегодняшний день тираж газеты упал до 3 тысячь 300 экземпляров. Здесь поневоле возникают вопросы: почему? В чём здесь причины?

Во-первых, мы должны подчеркнуть то, что сегодняшняя газета «Иттипак» по качеству, по содержанию и по цветности страниц намного отличается по сравнению с выпусками 10 летней давности. Я хочу констатировать те основные причины, приведшие к снижению тиража нашей газеты.

**1-я причина.** Резкое сокращение за последние годы наших активных и опытных общественных распространителей нашей газеты из числа уважаемых жигитбеши, аксакалов, матерей, отцов и братьев в Кыргызстане и Казахстане.

**2-я причина.** Нежелание части нашей религиозной молодёжи подписаться на нашу газету.

**3-я причина.** Антиагитационные действия против нашей газеты из среди определенной части наших уйгуров.

**4-я причина.** Безразличие большей части нашего народа к проблеме и вопросам сохранения уйгурского языка, к деятельности Всемирного конгресса уйгуров (ВКУ) на международной арене, которые освещаются на страницах газеты «Иттипак».




**5-я причина.** В средних школах, средних и высших учебных заведениях нашей республики работают немало нашей интеллигентной молодежи. К сожалению большая часть из них не участвует в жизнедеятельности Общества уйгуров «Иттипак», и эта часть уйгурской молодежи не заинтересована опубликовать свои статьи на страницах нашей газеты, подчёркивая тем, что они плохо знают уйгурский язык. Но, позвольте, наша газета выходит же на двух языках - на уйгурском и на русском!

Все эти вышеперечисленные нами факты для нас, уйгуров, горькая правда, и мы это должны признать!

Мы, уйгуры должны извлекать уроки вышеотмеченных наших негативных сторон, мы должны поднять свою политическую сознательность и повышать культурный уровень, сохранить свою национальную, уйгурскую идентичность! С каждой подписной кампании на газету «Иттипак», те лица из нашей уйгурской общественности, чтобы «оправдать» свое нежелание подписаться на нашу газету выдвигают свои «причины» нижеследующего характера:

**1-я причина.** Нет времени читать газету.

**2-я причина.** Годовая подписка на газету стоит дорого.

**3-я причина.** Газета не интересна. В ней ничего интересного нет.

**4-я причина**. Мы всё читаем в Интернете.

Здесь нам хочется сказать открыто, что вышеперечисленные лица, отказывающиеся от подписки на нашу родную газету, относятся к обывательской среде нашего народа, которым безразличны дела в нашем обществе, не думают о будущем своего народа, думают только о своём личном интересе и живут только сегодняшним днем. Исходя из вышесказанного, я решил уместным ответить на 4 негативные причины, высказанные отдельными лицами в отношении нашей газеты.

**1-я причина.** Нет времени читать газету.

***Ответ:*** эй, земляк, на страницах газеты «Иттипак» регулярно публикуются статьи, касающиеся истории, культуры и литературы уйгуров, о трагических событиях в Уйгуристане и информации о деятельности Всемирного конгресса уйгуров (ВКУ) на международной арене. Эй, земляк, неужели тебе всё это не интересно?! Если у тебя на всё это нет времени, но у тебя же есть дети, внуки?! Где твой патриотизм, как ты можешь быть примером для молодого поколения?!

**2-я причина.** Годовая подписка на газету дорого.

***Ответ:*** эй, земляк, годовая подписка на газету «Иттипак» 400 сом. Цена одного номера газеты за месяц получается 33 сома 33 тыйина.

Подписка на газету «Иттипак» не только в Кыргызстане, но и в Центральной Азии и Евразии не дорогая. Если сравнить годовую подписку, цена нашей газеты с газетами, выпускаемыми в Кыргызстане, то цифры выглядят так:

Еженедельная газета «Дело», годовая подписка - 1584 с.

«Вечерний Бишкек», годовая подписка - 1054 с.

«Слово Кыргызстана», годовая подписка - 1404 с.

«Комсомольская правда», годовая подписка - 1344 с.

Если мы отказываемся подписываться на нашу родную газету, ссылаясь на её «дороговизну», то как мы можем называть себя уйгурами?!

**3-я причина.** Газета неинтересна. В ней ничего интересного нет.

***Ответ:*** Объем газеты состоит из 16 страниц. Половина объёма газеты даётся информация о трагических событиях на нашей исторической родине и освещаются деятельность Всемирного конгресса уйгуров (ВКУ) на международной арене, направленной против колониальной политики китайских властей в отношении нашего народа в Уйгуристане.

Разве всё это неинтересно? Не актуально для нас? Эй, земляк, если тебе неинтересно судьба уйгуров, не волнует проблема уйгуров и будущее уйгуров, то как ты считаешь себя уйгуром?!

**4-я причина.** Мы всё читаем в Интернете.

***Ответ:*** газета есть газета. Те, которые говорят, что мы всё читаем в Интернете - это один из поводов не подписыться на нашу газету.

По официальным данным переписи населения в Кыргызстане проживают около 60 тысяч уйгуров (не официально в Кыргызстане проживают более 200 тысяч уйгуров). Большинство уйгуров проживают в Чуйской области (17 тысяч), в г.Бишкек (16 тысяч), в Ошской области (15 тысяч) и Джалал-Абадской (4 тысяч) областях, в городах Кара-Балта, Каракол, Токмок, в сёлах Ново-Покровка, Лебединовка, Ала-Тоо, Комсомольское, Чаткуль и в других городах и селах нашей республики.

Среди уйгуров Ошской и Джалал-Абадской областях подписка на нашу газету ведется к сожалению, очень слабо. Например, из почти 20 тысячного уйгурского населения юга нашей республики, подписчиками нашей газеты являются всего около 100 человек! Здесь невольно возникают вопросы: «Где наш патриотизм?», «Где наша национальная гордость?», «Куда мы идем?».

(Продолжение на 4-стр)

www.uyghurkitap.com



## Нужна ли нам газета на родном языке?

(Окончание. Начало на 3 стр.)

Я считаю, что есть о чём подумать, о чём поразмышлять тамошним местным председателям филиалов Общества уйгуров КР «Иттипак» , жигитбеши махаллей и активистам уйгурской общественности юга нашей республики. Что мы должны и какие меры предпринять по увеличению тиража нашей газеты? На сегодня для уйгуров Кыргызстана самыми актуальными вопросами являются проблемы сохранения родного языка и увеличение тиража газеты «Иттипак». В ноябрьском номере газеты «Иттипак» за 2020-й год была опубликована статья журналиста Музаппархана Курбанова «Взгляд на просвещение уйгуров Кыргызстана», где автор обратил внимание на проблему сохранения уйгурского языка и указал пути решения данной проблемы в будущем. Наряду с проблемой сохранения родного языка, для нас на сегодня также актуальными являются вопросы сохранения и увеличения тиража нашей родной газеты «Иттипак». Если мы в будущем не наладим пути-решения просвещения уйгуров в Кыргызстане и не сумеем сохранить газету «Иттипак», то мы повторим прошлую, печальную судьбу уйгуров Узбекистана, судьбу уйгуров юга нашей Республики, забудем наш родной язык, свою культуру, свои национальные обычаи и национальные традиции, потеряем свою национальную идентичность.

Если каждый из нас, считает себя настоящим уйгуром, должен крепко задуматься над вышеотмеченными проблемами и вопросами, касающиеся нашего будущего! Мы, уйгуры, являемся потомками известных всему миру великих людей, таких как Юсуп Баласагуни, Махмуд Кашгари, Ахмед Югнаки, Сутук Буграхан, Алишер Навои, Моюнчур и других наших великих предков.

В истории тюркского мира уйгуры играли большую роль в науке, образовании, культуре, искусстве, медицине, земледелии, кулинарии, садоводстве и в других областях.

Исходя из вышесказанного мы должны стремиться к знаниям, повысить свой политический и культурный уровень, быть патриотом своего народа и жить его интересами.

Поэтому, кто считает себя уйгуром, патриотом своего народа должен активно содействовать делу увеличения тиража газеты «Иттипак», выходящая на уйгурском и русском языках.

**Абдурахим Хапизов,**
**старший преподаватель Бишкекского государственного университета им. К.Карасаева магистр политических наук**




## Бизгә ана тилимизда чиқиватқан гезит керәкму?

**(Ахири. Беши 2- бәттә)**

Көпинчә уйғурлар Қирғизстанниң Чүй вилайитидә (17 миңдин ошуқ), Бишкәк (16 миң), Қара-Балта, Каракол,Тоқмак шәһәрлиридә, Ново-Покровка, Лебединовка, Ала-Тоо йезилирида, Ош (15миң) вә Жалал-Абад (4 миң) вилайәтлиридә вә башқа шәһәр, йезиларда яшайду.

Мошу уйғурларниң ичидә Ош вә Жалал-Абад уйғурлири муштири топлаш ишида наһайити аҗизлиқ қилмақта. Ош вә Жалал-Абад вилайәтлиридә 20 миңға йеқин уйғурлар яшайду. Шуларниң ичидин гезитимизгә йезилғанлардин аранлә 100 киши әтрапида. Бу әпсуслинидиған иш. Гезитимизниң санини көпәйтиш үчүн қандақ чариларни қилишимиз керәк?

Қирғизстан уйғурлири үчүн маарип вә гезит мәсилиси бүгүнки күндә әң актуал мәсилә болуп қалмақта. «Иттипақ» гезитиниң ноябрь ейидики санида бесилған журналист Музәппәрхан Қурбанниң «Қирғизстан уйғур маарипиға бир нәзәр» мақалисида Қирғизстан уйғурлириниң келәчәктики маарип мәсилиси кәң түрдә йорутулған. Бүгүнки күндә маарип мәсилисидин ташқири гезитимизгә муштири топлаш мәсилисиму актуал мәсилә болуп қалмақта.

Йеқинқи келәчәктә Қирғизстанда уйғур маарипини йолға қоялмисақ, «Иттипақ» гезитини сақлап қалалмисақ, өтмүштики Өзбәкстан уйғурлириниң вә Қирғизстанниң җәнубидики уйғурларниң қайғулуқ тәғдирини бизму тәкрарлаймиз, өз ана тилимизни, мәдәнийитимизни, урп-адәтлиримизни, уйғурлиғимизни йоқутимиз, ассимиляция болуп кетимиз, миллитимизни йоқутимиз!

Әгәр һәр биримиз өзимизни һәқиқий уйғур дәп һесаплисақ, жуқурида тәкитләп өтүлгән мәсилиләр үстидә жиддий ойлунишимиз керәк!

Биз, уйғурлар дунияға тонулған буйүк Юсүп Баласағуни, Махмут Қашқири, Әхмәт Югнәки, Сутук Буғрахан, Әлишер Наваий, Моюнчур вә башқа буйүк әдиплиримизниң әвлатлири болумиз.

Биз, уйғурлар түрк дунияси тарихида илим-пән, мәдәнийәт, сәнъәт, деханчилик, бағвәнчилик вә тиббий саһаларда чоң рол ойниған хәлиқ болуп һесаплинимиз. Әпсуски, һазирқи күндә биз жуқурида ейтилған алий хисләтлиримизни, вәтәнпәрвәрлигимизни йоқутуп қойиватимиз! Шуниң үчүн, өзини уйғур дәп һесаплайдиған инсан өз ана тилимизда чиқиватқан «Иттипақ» гезитимизниң сан тәрәптин өсүшигә өзлириниң вәтәнпәрвәрлик һәссилирини қошуши керәк.

# Муһим мәсилә күн тәртивидә

Һәр қандақ паалийәт елип бериватқан тәшкилат яки җәмийәт орунлириниң өзигә хас тәшвиқат орни болғинидәк, Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийитиниң қәрәллик гезити бар. Бу «Иттипақ» гезит мана оттуз жилға йеқин Қирғизстан, Қазақстан қатарлиқ жүмһурийәтләргә тарқилип, әл ичидә қизғин қарши елинидиған мәтбуат васитилиригә айналған болсиму, мәлум сәвәпләргә бағлиқ чиқиш нусхиси камийип кетиватиду. Буниң асасий сәвәви мутләқ гезитниң мәзмун яки сүпитидә әмәс, бәлки хәлқимизниң бәпәрвалиғида. Әксичә, һазирқи Ана вәтәндики хәлқимизниң еғир әһвали вә дунияниң һәр қайси жайлиридики хәлқимизниң қаршилиқ күрәшлири вә бизни қоллаватқан әлләрниң қарарлири йорутулуп турған оқурмәнләрдә болған еһтияж күндин күнгә өсиши керәк еди, әпсус ундақ болмайватиду.

Шу сәвәптин қандақ қилғанда «ИТТИПАҚ» гезитини хәлқимизгә йәткүзүп, гезитқа болған еһтияжини қандуруш мәсилисини Алмутидики Дуния уйғур курултейи шөбисиниң һәйъәт әзалири өз зиммисигә алди.

Әркин Әхмәтов (Дуния уйғур курултейиниң Қазақстан бойичә вәкили): - «Йеқинда Бишкек шәһиридин «Иттипақ» гезитиниң баш муһәррири Әкбәрҗан ака бизгә мураҗиәт қилип гезитниң тиражи һәққидә вә Қазақстанға тарқилишиниң орунлаштурулуши үстидә пикир алмаштурғандин кейин Қәхриман ака Ғоҗамбәрди билән мәслиһәтлишип жиғин өткүзүшни қарар қилдуқ».

Мошу айниң 23-күни Дуния уйғур курултейиниң Қазақстан бойичә һәйъәт әзалири вә жигитбешилири билән ихчәм жиғин өткүзилди. Жиғинға риясәтчилик қилған ДУҚ әзаси Һесәнҗан Ибрагимов мундақ деди:

- «Бүгүнки сорунниң күн тәртивидә асасий мәсилә: 1- «Иттипақ» гезитиға муштири болуш, 2- активистларни мукапатлаш вә 5- февраль вақиәсини хатирләштин ибарәт».

Алди билән, сәясәтшунас Қәхриман Ғоҗамбәрди дуниядики уйғурларға карита вәзийәт һәққидә тәпсилий доклад оқуғандин кейин, «Иттипақ» гезитниң мәсилиси қаралди.

Алмута шәһири, наһийә, вилайәт, һәттаки Яркәнт шәһиридин кәлгән активистлар вә жигитбешилири бир аваздин Иттипақ гезитини қоллайдиғанлиғини билдүрди. Жүмлидин, жигитбешилири Һакимжан Турсунов, Рәхимжан Мәнсуров, Жамалдин Насиров, Дилинур Қасимова, Роберт вә башқилар бу гезитниң давамлиқ чиқишини тәминләшкә һәр дайим тәйяр екәнлигини изһар қилишти. Гезитни йәткүзүш ишини Полат Батталов өз зиммисигә алди.

Жиғинниң йәкунидә Адвокатлар фондиға әстаидил ярдәм қилғанларға ДУҚ тәрипидин кәлгән пәхрий ярлиқларни тапшуруш мурасими болуп өтти.

**Наиләм Һәмраева, «Әхбарат» журналиниң мухбири, Алмута шәһири**

# ترامپ ھۆكۈمىتى: «خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلىۋاتقانلىرى ئىرقىي قىرغىنچىلىقتۇر!»



ئۇيغۇر دىيارىدىكى زور كۆلەملىك سىياسىي باستۇرۇش ھەمدە ئۇيغۇر جەمئىيىتى دۇچ كېلىۋاتقان ئېغىر ئىجتىمائىي پاجىئەلەر ھەققىدە ئۆتكەن يىللاردىن بۇيان مەلۇم بولۇشقا باشلىغان غايەت زور دەلىل ـ ئىسپاتلار سەۋەبلىك ترامپ ھۆكۈمىتى 2021 ـ يىلى 19 ـ يانۋار كۈنى «خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مۇسۇلمان خەلقلەرگە قىلىۋاتقان زور كۆلەملىك باستۇرۇش ھەركىتى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەمدە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتتۇر» دەپ خۇلاسە چىقاردى.

بۇ ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاقسارايدىن ئايرىلىش ھارپىسىدا چىقارغان ئەڭ مۇھىم قارارلاردىن بىرى بولۇپ، غەرپ دۇنياسىدا غايەت زور تەسىر قوزغىدى. ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايك پومپېيو بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قىلغان سۆزىدە «خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قانداق زۇلۇم سېلىۋاتقانلىقىنى يېقىندىن كۆزىتىپ كېلىۋاتىمىز. ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى مىليونلاپ لاگېرغا قامىشى ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشى، ئۇلارنى ئەڭ ئەقەللىي ئىنسانىي ھوقۇقلاردىن مەھرۇم قالدۇرۇشى، ئۇيغۇر ئاياللىرىنى تۇغماس قىلىۋېتىشى، ئۇيغۇر قىز ـ چوكانلىرىنى مەجبۇرىي يوسۇندا خىتايلار بىلەن تويلاشتۇرۇشى ھەمدە ئۇيغۇر گۆدەكلىرىنى ئائىلىسىدىن جۇدا قىلىشى قاتارلىق پاكىتلارغا ئاساسەن بىز بۇنى قىرغىنچىلىق دەپ قارايمىز» دېدى. شۇنىڭدەك دۇنيانىڭ ھازىر بىر پۈتۈن مىللەتنى سىستېمىلىق ھالدا يوق قىلىۋېتىش ھەركىتىگە شاھىد بولۇۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتتى.

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ 19 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىدە ئېيتىلىشىچە، مەزكۇر قارار ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدىكى كۆپ قېتىملىق گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنلىرى ھەمدە كەسكىن مۇنازىرىلەر، شۇنىڭدەك كۆپلىگەن كوللېكتىپ تەھلىل ۋە مۇھاكىمە باسقۇچلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئېلان قىلىنغان تولىمۇ سالماقلىق قارار ئىكەن.

مەلۇم بولۇشىچە، ئامېرىكانىڭ پرېزىدېنتلىق سايلىمى مەزگىلىدە جوۋ بايدىنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆپ قېتىملاپ ئاشكارا سورۇنلاردا تىلغا ئالغان ھەمدە ئۇيغۇرلار مەسىلىسى تۆپەيلىدىن شى جىنپىڭنى «ئۇچىغا چىققان سىياسىي لۈكچەك» دەپ تەنقىدلىگەن ئىدى. ئەمدىلىكتە يېڭى ھۆكۈمەت ئىش باشلاش ھارپىسىدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنداق بىر تارىخىي ئەھمىيەتلىك بىر قارارنى ئېلىشى غەرپ دۇنياسىدىكى ھۆكۈمەتلەرگە تېخىمۇ زور ھەيدەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينىشى، شۇنداقلا بۇنىڭغا ماس ھالدا بىر قاتار يېڭى تەدبىرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى تەخمىن قىلىنماقتا ئىكەن.

ئەزىز

# جوۋ بايدىن ئامېرىكىنىڭ 46 ـ نۆۋەتلىك پرېزىدېنتلىقنى ئۈستىگە ئالدى


AP

ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ 46 ـ نۆۋەتلىك پرېزىدېنتى جوۋ بايدىن 20 ـ يانۋار كۈنى ۋاشىنگتون شەھىرىدىكى مۇراسىمدا قەسەم بېرىپ رەسمىي ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى.

جوۋ بايدىن ۋە ئۇنىڭ مۇئاۋىنى كامالا خاررىس خانىم ئەنئەنىۋى قائىدىلەر بويىچە «ئىنجىل» نى تۇتۇپ تۇرۇپ قەسەم بەردى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئامېرىكا خەلقى ئۈچۈن بەجانىدىللىق بىلەن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ يېڭى نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ كۆپلىگەن مەسىلىلەردە ئىلگىرىكى ئاساس بويىچە يېڭىلىق يارىتىشقا كۈچ سەرپ قىلىدىغانلىقى تەكىتلەنگەنىدى.

لېيدىي گاگا، جېننىفېر لوپېز قاتارلىق دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە چولپانلارنىڭ نەق مەيداندا ناخشا ئورۇندىشى، مۇراسىمدا سۆزلەنگەن نۇتۇقلاردىكى ئامېرىكا دېموكراتىيەسى ۋە ئىتتىپاقلىق ـ بىرلىك ھەققىدىكى بايانلار، شۇنىڭدەك ھەربىي قىسىملارنىڭ پاراتتىن ئۆتۈشى قاتارلىقلار قوشۇلۇپ بۇ كۈنكى مۇراسىمنى ئۆزگىچە جانلاندۇرۇۋەتتى. ھەرقايسى ئاخبارات ۋاستىلىرى بۇ ھەقتە نەق مەيداندىن جانلىق خەۋەر تارقىتىپ، ۋىرۇس ۋە بىخەتەرلىك مەسىلىلىرى سەۋەبىدىن مۇراسىمغا قاتناشمىغانلارنى مۇراسىمنى تېلېۋىزوردىن كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ئاق سارايغا كۆچۈپ كىرگەن كۈننىڭ ئۆزىدە پرېزىدېنت جوۋ بايدىن ۋىرۇس، ياردەم پۇلى تارقىتىش، كۆچمەنلەر مەسىلىسى قاتارلىق تېمىلار بويىچە 17 تۈرلۈك ئىجرائىيە بۇيرۇقىغا ئىمزا قويدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «قانۇنسىز» بولۇپ قالغان كۆچمەنلەرنى ئامېرىكىنىڭ ئەنئەنىۋى قىممەت ئۆلچىمى بويىچە يېڭى ھاياتلىق ماكانىغا ئىگە قىلىش ھەققىدىكى ۋەدىسى مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ئەزىز

# شۆھرەت زاكىر ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ سابىق مىنىستىرى مايك پومپېيونىڭ باياناتىنى ئەيىبلىگەن

19 ـ يانۋار كۈنى ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ سابىق مىنىستىرى مايك پومپېيو خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈپ كەلگەن جىنايىتىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ۋە «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» دەپ ئاتىغاندىن كېيىن, خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بۇنىڭغا قاتتىق نارازىلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە خىتاي تەشۋىقات ۋاستىلىرى بۇ باياناتقا بەس ـ بەستە ھۇجۇم باشلىغانىدى .

25 ـ يانۋار كۈنى خىتايچە «تەڭرىتاغ تورى» ئۇيغۇر رايونى رەئىسى شۆھرەت زاكىرنىڭ ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىگىنىڭ سابىق مىنىستىرى مايك پومپېيونىڭ باياناتىنى ئەيىبلىگەن ئۇزۇن يازمىسىنى ئېلان قىلغان. شۆھرەت زاكىر بۇ ئەيىبنامىسىدە مايك پامپېيونى «خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشتى, خىتاينىڭ شىنجاڭنى تۈزەش سىياسىتىگە ھۇجۇم قىلدى, خەلقئارا نىزامغا خىلاپلىق قىلدى, شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىغا قارا سۈركىدى» دەپ ئەيىبلىگەن ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

شۆھرەت زاكىر بۇ ئەيىبنامىسىدە يەنە خىتاينىڭ سىياسىتىنى ماختاپ, «بىر قولدا تېررورلۇققا زەربە بېرىپ, بىر قولدا تېررورلۇقتىن ساقلىنىۋاتقانلىقى, 4 يىلدىن بۇيان شىنجاڭدا تېررورلۇق ۋەقەلىرى يۈز بەرمىگەنلىكى, نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتى يۈرگۈزۈپ ئىشسىزلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغانلىقى, مەجبۇرىي مائارىپنى پۈتۈن رايوندا ئومۇملاشتۇرغانلىقى, دىنىي ئەركىنلىكنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولغانلىقى, باشقا دۆلەتلەردىن كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ بۇ ۋەزىيەتكە شاھىت بولغانلىقى ... »

ئانالىزچىلارنىڭ قارىشىچە ، شۆھرەت زاكىرنىڭ بۇ يالغان دوكلاتى خىتاينىڭ جىنايىتىنى يوشۇرۇپ قالالمايدۇ. ئۇنىڭ «تېررورلۇققا زەربە بېرىش» دېگىنى خىتاينىڭ يەنىلا بۇ قالپاقنى باھانە قىلىۋاتقانلىقىنى, «نامراتلارنى يۆلەش» دېگىنى كەڭ ـ كۆلەملىك قۇل ئەمگەكنى راۋاجلاندۇرغانلىقىنى, «مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇردۇق» دېگىنى ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى خىتايچە مائارىپقا مەھكۇم قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دىنىي ئەركىنلىكنى كاپالەتكە ئىگە قىلدۇق دېگىنى تېخىمۇ كۈلكىلىك. باشقا دۆلەتتىن كەلگەن ئەلچىلەر بولسا خىتايغا شېرىك دۆلەتتىن بارغانلار. مايك پومپېيونىڭ خىتاينىڭ جىنايىتىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ جاكارلىشى دەل جايىدا بېرىلگەن ھۆكۈم, شۇنداق خىتاينىڭ كۆز بويامچىلىقىغا بېرىلگەن ئەجەللىك زەربە بولۇپ, ئەگەر غەربتىكى باشقا دۆلەتلەرمۇ خىتاينىڭ جىنايىتىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئاتىسا, خىتاينىڭ سېسىق نامى دۇنياغا ئاشكارا بولىدۇ ۋە ئۆز ۋاقتىدىكى ناتسىست گېرمانىيەسىگە ئوخشاش لەنەتكە قالىدۇ.

جەۋلان

# روشەن ئابباس خانىم: «بايدىن ھۆكۈمىتى مېنىڭ ھەدەم ۋە باشقا بارلىق ئۇيغۇرلارنى تۈرمە ـ لاگېردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى لازىم»

ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى روشەن ئابباس خانىم ـ 25يانۋار «ۋاشىنگتون پوچتىسى» گېزىتىدە ماقالە ئېلان قىلىپ، جوۋ بايدىن ھۆكۈمىتىدىن دوكتور گۈلشەن ئابباس ۋە باشقا بارلىق ئۇيغۇرلارنى تۈرمە ـ لاگېرلاردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىق قىلغان.

روشەن ئابباس خانىم بۇ ماقالىسىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ ئېلىش خاراكتېرلىك تۇتقۇن قىلىپ، 20 يىل كېسىۋەتكەن ھەدىسى گۈلشەن ئابباس ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر دۇچ كەلگەن پاجىئەنى تىلغا ئېلىپ، مۇشۇ تىپىك ۋەقەدىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نەقەدەر رەزىل، قەبىھ ۋە زوراۋان ھاكىمىيەت ئىكەنلىكىنى، يىللاردىن بېرى پۈتۈن ئۇيغۇرغا تۆھمەت چاپلاپ، ئۇلارغا خىلمۇ خىل پەسكەش نەيرەڭلەر، قورقۇنچلۇق ۋاستىلەر بىلەن زىيانكەشلىك قىلىپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلغان.

روشەن ئابباس خانىمنىڭ بىلدۈرۈشىچە، خىتاينىڭ بۇ جىنايىتىنى توختىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق پىلانىنى كۆرۈپ يېتىش كېرەك. خىتاينىڭ مەقسىتى ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۈچلىنىش، سىياسىي جەھەتتىن يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتۈش ۋە دۇنياغا كېڭەيمىچىلىك قىلىش. ترامپ ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ زۇلۇمىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئاتىغان، جوۋ بايدىن ھۆكۈمىتىمۇ بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولسىمۇ، بۇنىڭلىق بىلەن خىتاينىڭ داۋاملىق يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان بۇ جىنايىتىنى توختىتىپ قالغىلى بولمايدۇ. ئالدى بىلەن خىتاينىڭ «زامانىۋى قۇللۇقنى نورماللاشتۇرۇش، دۇنيانى مەنپەئەت ۋە كۈچ تالىشىش سەھنىسىگە ئايلاندۇرۇش» تاكتىكىسىغا زەربە بېرىش لازىم. ئۇيغۇرلارنى قۇل قىلىۋاتقان خىتاي زاۋۇتلىرى بىلەن سودىلىشىپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىققا شېرىك بولۇۋاتقان ئامېرىكا ۋە ياۋروپا شىركەتلىرىنى بۇ قىلمىشتىن توختىتىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن جوۋ بايدىن ھۆكۈمىتى خىتاي بىلەن بولىدىغان دىپلوماتىيە ۋە سودا ئالاقىلىرىدە زامانىۋى قۇللۇققا خاتىمە بېرىش ئىشىنى مۇھىم كۈنتەرتىپكە قويۇشى كېرەك. خىتايغا ئىقتىساد جەھەتتىن زەربە بەرمىگۈچە سىياسىي جەھەتتىن بېسىم قىلغىلى بولمايدۇ. مەجبۇرىي ئەمگەكنى ئاياغلاشتۇرمىغىچە لاگېرلار مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن جوۋ بايدىن ھۆكۈمىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش لازىم.

روشەن ئابباس خانىم جوۋ بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قانۇن لايىھەسى» گە بىنائەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداشقا، «تاموژنا بېجى قانۇن لايىھەسى» نىڭ 307 ـ ماددىسىغا ئاساسەن، مەجبۇرىي ئەمگەككە مۇناسىۋەتلىك ماللارنى ئىمپورت قىلماسلىققا ۋە ئامېرىكا شىركەتلىرىنى خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە شېرىك بولۇشتىن توسۇشقا چاقىرىق قىلغان.

جەۋلان

www.uyghurkitap.com



# *Ана тиллиқ гезитлиримизни сақлап қелишимиз керәк*



**Җамалдин Насиров, Алмута вилайити, Талғар райониниң уйғур мәдәнийәт мәркизи рәисиниң орунбасари**

Әссаламу әләйкум Дуния уйғур курултейиниң Қазақстандики вәкиллири.

Қирғизстан жумһурийитидә чиқиватқан иҗтимаий-сәясий гезит - «Иттипақ» гезити тоғурлуқ ахирқи пәйтләрдә гәп-сөз болиВатиду. Бу тоғрулуқ мән өзәмгә бир пикиргә келәй дәп бир қисқичә өзәмниң ой-пикиримни язай дедим. «Иттипақ» гезити бу иҗтимаий-сәясий гезит. Бу гезитта бизниң миллитимизниң тәғдири, бизниң миллитимизниң нәдин нәгә кетип барғанлиғи, шундақла Дуния уйғур курултейиниң күндилик, саатлиқ қиливатқан ишлири тоғрисида бир айда бир йеңиликларни оқуп туримиз.

Ана тилимизда чиқиватқан «Иттипақ» гезити кәң аммиға тарқалса миллий ғуруримиз өсиду вә мән уйғур дегәнләрниң көзи техиму ечилиду.

Мән бир йезиға барсам, әшәдә бир киши маңа: «Мән у гезитни кәлтүрмәймән бу жутқа, у гезитта интайин болмайдиған бир немиләрни язидикән дәйду», деди. Мән туруп һелиқи кишини бундақ демәң көриндешим, бу немә дегиниңиз, сиз өзиңиз кимниң беги? – десәм көзүмгә қарайду – ашу милләтниң бегиғу сиз? Шуниң үчүн кериндишим, бундақ сөзләрни демәң, бу гезитни оқуйдиғанларму бар, оқимайдиғанларму бар, шуниң үчүн бу гезит сизниң жутиңизға кәлсә сиз униңға қарши чиқмаң, әкәлгән адәм өзи җавап бериду, сиз қорқуп кәтмәң, сиз униң җавабини тартмайсиз, дәп қойдум.

Шуниң үчүн кериндашлар, «Иттипақ» гезити бу һәқиқәтән миллитимизниңки тәғдирини ойлап чиқиватқан гезит, бу гезит Бишкәктә, йәни бир жумһурийәттә туруп, бизниң жумһурийәткә келиватиду. Биз бу гезитни амал болса кечә-күндүз жүгрәп жүрүп таркитишимиз керәк. Мән бу гезитни чиққан күнидин башлап оқуймән, һәм жиғимән.

Һөрмәтлик кериндашлар, «Иттипақ» гезитигә һәр тәрәптин күч чиқирип, гезитниң муштирини көпәйтиришимиз керәк.

Һөрмәтлик кериндашлар, бизниң жумһурийәттимиздә бу гезитниң нусхисини миңдин ашуришимиз керәк! Мана бизниң йезимиздила 100 нәччитал гезит өтәтти, әнди миң дегән гезитни 10 йезиға ташлап бәрсиңиз түгиди дегән сөз, бизниң қанчә йезимиз бар? Әнди мошуни яхши ойлап көрәйли.

*«Китап йеңиликлири»*

# Алмутида Қазақстан уйғурлириға беғишланған энциклопедия йоруқ көрди

Йеқинда Алмута шәһиридә «Уйғурлар: энциклопедиялик мәлуматнамә» намлиқ китап йоруқ көрди. Тағ инженери, профессор, Қазақстан миллий жуғрапийә җәмийитиниң әзаси Абдуллаҗан Самсақов тәрипидин тәйярланған мәзкур әмгәкниң йоруқ көрүши мунасивити билән 27-декабрда тор арқилиқ китапни тонуштуруш мурасими болуп өтти. Униңға қатнашқан зиялийлар, җәмийәтлик бирләшмиләрниң вәкиллири вә башқилар китапниң уйғурлар үчүн әһмийити, Қазақстанда яшаватқан уйғурларниң өтмүш тарихи вә мәдәний һаяти һәққидә өз пикирлирини оттуриға қойди. Улар шундақла китапниң автори Абдуллаҗан Самсақовниң әмгигә жуқури баһа берип, бу әмгәкниң пәқәт Қазақстанла әмәс, бәлки пүткүл уйғурлар үчүн чоң әһмийәткә егә екәнлигини тәкитлиди.

Җәмий 37 басма табаққа, йәни 600 бәткә егә «Уйғурлар: энциклопедиялик мәлуматнамә» намлиқ китап «Арис» нәшрияти тәрипидин нәшир қилинған болуп, у үч қисимдин тәркип тапқан. «Уйғурлар тарихидин» дәп аталған биринчи қисимда тарих, әдәбият, билим, тәсвирий сәнъәт вә мемарчилиқ, илим-пән, бәдиий һүнәрвәнчилик, музика, уссул вә театр, әнъәнә вә урп-адәтләр, миллий оюнлар вә тамақ һәққидә қисқичә мәлумат берилгән. Иккинчи қисимда 620 нәпәр тонулған шәхсниң өмүр баяни орун алған. Шундақла, мәзкур қисимда аммивий әхбарат васитилири, оқуш орунлири, җәмийәтлик бирләшмиләр, саз әсваплири, уйғур тарихи вә мәдәнийитиниң муһим вақиәлиригә беғишланған 400 гә йеқин мақалилар берилгән. Униңда шундақла Өзбәкстан, Қирғизстан вә Түркмәнстан уйғурлири һәққидиму материалларму берилгән. Әнди «қошумчилар» дәп аталған үчинчи қисимда болса исимлиқ көрсәткүч, қисқартилған сөзләр тизими, пайдилинилған әдәбиятлар вә бәзи уйғур мәмликәтлири рәһбәрлириниң дипломатик хәтлири берилгән. Китапқа тарих пәнлириниң доктори, профессор Сағимбай Қозибаев вә тарих пәнлириниң доктори, профессор Тәттигүл Қартаева пикир язған.




Зияритимизни қобул қилған китап автори Абдуллаҗан Самсақов әпәнди мәзкур әмгәкниң 2005-жили йоруқ көргән «20-әсирдики мәшһур уйғурлар: Қазақстан, Өзбекстан, Қирғизстан, Түркмәнстан» намлиқ китап асасида тәйярланғанлиғини оттуриға қоюп, мундақ деди: «2005-жили 350 тин артуқ шәхсниң өмүр баяни чиқти. У пәқәт тәзкирә сүпитидә чиқти. Бүгүнки күндә у энциклопедия болуп чиқиватиду. Бу йәрдә энциклопедия болса дегән көп тәклипләр болди. Һөкүмәт орнидики адәмләрму буни тәвсийә қилди.»

Абдуллаҗан Самсақов йәнә бу китапта Қазақстан вә Оттура Асиядики уйғурлардин сирт йәнә Махмут Қәшқири, Йүсүп Хас Һаҗип, Аманнисахан қатарлиқ уйғур намайәндилири һәққидә мәлуматларниң берилгәнлигини, улар һәққидә йезилған әсәрләрниң, мәсилән, Қазақстандики Куддус Ғоҗамияров намидики Жумһурийәтлик дөләт уйғур музика комедия театрида сәһниләштүрүлгәнлигини билдүрди.

Абдуллаҗан Самсақов тонуштуруш мурасиминиң хәлиқара дирижидә өткәнлигини алаһидә тәкитлиди.

У мәзкур китапни тәйярлашта Қазақстанда вә башқиму мәмликәтләрдә нәшир қилинған энциклопедияләрдин көп үгәнгәнлигини оттуриға қойди.

Зияритимизни қобул қилған Қирғизстандики «Иттипақ» гезитиниң баш муһәррири, пәлсәпә пәнлириниң кандидати Әкбәрҗан Бавдунов әпәнди мундақ деди: «Абдуллаҗан Самсақов 2005-жили ‹20-әсир уйғур намайәндилири’ намлиқ китавини нәширдин чиқирип, кәң хәлиқ аммисиниң алқишиға сазавәр болған еди. Әлвәттә, мундақ бир милләтниң энциклопедиясини бир киши әмәс, бир пүтүн институт тәйярлап чиқиридиған иш. Шундақла, бу китап Қазақстан уйғурлири үчүнла әмәс, бәлки барлиқ уйғур хәлқи үчүн чоң хошаллиқ дәп ойлаймән.»

Туран университетиниң профессори, тарих пәнлириниң доктори Абләһәт Камалов әпәнди китапниң әһмийити һәққидә тохтилип, мундақ деди: «әң алди билән энциклопедиялик характерғә егә һәр қандақ бир әмгәк мәлум бир саһә бойичә мәлуматларни тәртипкә салиду. Әнди сөз болуватқан китапқа кәлсәк, у Қазақстандики уйғур җамаәсиниң тарихи вә мәдәнийити һәққидә йәнә шу уйғурларниң өмүр баянлири арқилиқ системилиқ чүшәнчә бериду. Қазақстан уйғурлириниң тарихи вә мәдәнийитидики бәзи пакт вә вақиәләрни ениқлаш үчүн мәлумат материали сүпитидиму бу әмгәкниң әһмийити чоң. Китапниң җәмийәтлик әһмийити шуниңдики, униң рус тилида нәшир қилиниши башқиму милләтләрниң уйғурларниң тарихи, мәдәнийити вә һазирқи тәрәққияти, Қазақстан вә Мәркизий Асияниң башқиму әллириниң риваҗлинишиға қошқан төһписи билән тонушушиға имканийәт бериду. Китапниң йәнә бир алаһидилики шуниңдики, у Қазақстан уйғурлириниң әқлий һаятиниң бир мәһсулати сүпитидә елимиздә йүз бериватқан һазирқи иҗтимаий җәриянларни, болупму Қазақстанда яшаватқан хәлиқләрниң тәрәққияти вә бир пүтүн қазақстанлиқ идеяниң шәкиллиниши билән зич алақидә тәсвирләйду.»

Русийә империясиниң Или султанлиғиға нисбәтән тутқан сәясити, Или вилайитиниң Русийә тәрипидин бесивелиниши, Или уйғурлириниң Йәттисуға көчүши, уйғур йезилириниң курулуши, Қазақстан уйғурлириниң жуғрапийәлик орунлиниши, уйғурларниң 1916-жилқи Русийә сәяситигә қарши қозғилаңға қатнишиши, 1918-жили «Ату пажиәси»дә уйғур аһалисиниң қирғин қилиниши, Совет-Герман уруши, уруштин кейинки хәлиқ егилигиниң тиклиниши, уйғурларниң мустәқил Қазақстанға қошқан төһписи әнә шулар җүмлисидин. Китапта шундақла пүткүл уйғур хәлқиниң тарихиға аит материалларму, шу җүмлидин Уйғур Қағанлиғи вә Уйғур Идикути, уйғурларниң тарихий вәтинидики миллий-азатлиқ һәрикәтлири, Йәттишәр дөлити, икки Шәрқий Түркистан жумһурийәтлири һәққидә мәлуматлар орун алған.

Егилишимизчә, Абдуллаҗан Самсақов 40 тин ошуқ илмий-аммибаплиқ мақалиларниң автори болуп, улар Қазақстандики бир қатар гезит вә журналларда давамлиқ елан қилинип кәлгән. «Қарабаласағунға саяһәт», «Қәдимий Бәшбалиққа саяһәт», «Пор-Бажин», «Турпан каризлири», «Хотән қәғизи» қатарлиқ мақалилири оқурмәнләр арисида күчлүк инкас қозғиди.

**Ойған**

# جوۋ بايدىن ختايغا قارىتا قانداق سىياسەت يۈرگۈزۈشى مۇمكىن؟



يېقىندىن سايلانغان ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدېننىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ختايغا قارىتا قانداق سىياسەت يۈرگۈزىدىغانلىقى سىياسەتچىلەر ۋە ئانالىزچىلارنىڭ دىققەت نۇقتىسى بولماقتا.

«ۋال ـ سترېت ژۇرنىلى» گېزىتىنىڭ 6 ـ دېكابىر ئېلان قىلغان «بايدېن ختايغا قارشى بۈيۈك ئىتتىپاق قۇرۇشنى پىلانلىدى، ئاما ئۇ ئاسان ئەمەس» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە، جوۋ بايدېننىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئامېرىكانىڭ ئىلگىرىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بېيجىڭغا بىرلىكتە كەڭ كۆلەملىك بېسىم قىلىشنى پىلانلاۋاتقانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە، بايدېن ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ختايغا قارىتا ترامپ ھۆكۈمىتى يولغا قويغان بىر قاتار قارارلارنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئۇلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلىشى كېرەك ئىكەن. ئۇلار نيۇ ـ يورك ئاكسىيە بازىرىدىن ختاي تېلېگراف شىركەتلىرىنى چىقىرىۋېتىش، ئالىپاي پۇل تۆلەش سۇپىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ختايغا ئۇلانغان ئەپلەر ئارقىلىق سودىلىششنى چەكلەش ۋە ختايدىكى ئەڭ چوڭ كومپيۇتېر ئۆزىكى ئىشلەپچىقارغۇچى شىركەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا شىركەتلەرنى قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ كومىسسارى نۇرى تۈركەل ئەپەندى بۇ ھەقتە زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ، بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي يۆنىلىشى ھەققىدە مۇنداق دېدى: «بايدېن ھۆكۈمىتى ھازىرقى مەۋجۇت ھۆكۈمەتكە ئوخشىمايدىغان يول تۇتىدۇ، يەنى خەلقئارادا يالغۇز ھەرىكەت قىلماستىن، ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بىللە ھەرىكەت قىلىدۇ.»

ياۋروپا ئىتتىپاقى يەتتە يىللىق سۆھبەتتىن كېيىن، ئۆتكەن يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ختاي بىلەن ئىككى تەرەپلىك مەبلەغ سېلىش كېلىشىمىنى تاماملىغان. ئانالىزچىلار بۇ كېلىشىم ختايىنى ئامېرىكانىڭ يېڭى ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان رىقابەتتە تېخىمۇ كۈچلۈك ئورۇنغا چىقىرىدۇ، دەپ قارىشىۋاتقان بولسىمۇ، نۇرى تۈركەل ئەپەندى بۇ كېلىشىمگە ئىجابىي قارىمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ختاي ئەمەلدارلىرى بېيجىڭنىڭ ئامېرىكانىڭ يېڭى ھۆكۈمىتىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن كۈزىتىۋاتقانلىقىنى، ئامېرىكا بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنى ئۈمىلىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئاما ختاينىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش ۋە ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشنى بەكرەك مۇھىم دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان.

مەلۇم بولۇشىچە، ختايغا قارىتا سىياسەت بەلگىلەشتە يەنە ئۇيغۇر، خوڭكوڭ، تىبەت مەسىلىلىرىمۇ بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ قارارلىرى ئىچىدىكى مۇھىم تېمىلار بولۇپ قالغان.

ئامېرىكادىكى سىياسىي ئىشلار مۇتەخەسسىسى دوكتور ئاندېرس كور ئەپەندى بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «مېنىڭچە، ئۇلار (بايدېن ھۆكۈمىتى) نىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىرىدە ئايرىم سىياسەتلىرى بار. ئۇلار خوڭكوڭلۇقلارنى قوللىغان ئىدى. ئىشەنچلىك بىر يەردىن ئاڭلىدىم، مەنبەسىنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن، لېكىن ئۇيغۇرلار ھەققىدىمۇ ئىجابىي سىياسەتلەر يۈرگۈزۈلىدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا مەن ئامېرىكا ختايغا قارشى قاتتىق پوزىتسىيەدە بولىدۇ، دەپ قارايمەن.»

ختاي ھۆكۈمىتى نەچچە يىلدىن بۇيان خەلقئارانىڭ قاتتىق تەنقىد قىلىشىغا قارىماي، ئۇيغۇر رايونى ۋە خوڭكوڭ مەسىلىسىنىڭ ختاينىڭ ئىچكى ھوقۇق مەسىلىسى ئىكەنلىكى، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ختاينىڭ ئىچكى مەسىلىرىگە ئارىلاشماسلىقىنى ئېيتىپ، ئۇ رايونلاردا يۈرگۈزۈۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى داۋام قىلىپ كەلمەكتە ئىدى.

ئاندېرس كور ئەپەندى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى ئامېرىكا ـ ختاي مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ختايغا قارىتا شۇ خىل سىياسەتلەرنى قوللىنىشى توغرا، دەپ قارايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى: «ترامپ ھۆكۈمىتى ختايغا قارىتا قاتتىق سىياسەت يۈرگۈزگەن ئىدى، ھەم شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى. بايدېن باشچىلىقىدىكى يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ بۇ سىياسەتنى يۈمشاتماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. بايدىن تەشكىللىگەن ھۆكۈمەتتىكى خادىملارمۇ ختاي بىلەن كېلىشىشنىڭ ئەمدى ئورنى قالمىغانلىقىنى تەكىتلەۋاتىدۇ. ختايدا كىشىلىك ھوقۇقنى، دېموكراتىيىنى تەشۋىق قىلىش كېرەك. ‹ختاي تەھدىتى› دىن قۇتۇلۇشنىڭ بىرلا يولى بار، ئۇ بولسىمۇ ختايىنى پۈتۈنلەي دېموكراتىيىلەشتۈرۈش. دىكتاتور ھۆكۈمەت باشتا بولىدىكەن، كۈندىن كۈنگە كۈچىيىۋاتقان ئىقتىسادىي ۋە ئارمىيە كۈچى بىلەن مەلۇم بىر دۆلەت ياكى رايونغىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيانىڭ دېموكراتىيىسىگىمۇ تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ.»

20 ـ يانۋار ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتقان بايدېن باشچىلىقىدىكى يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ خەلقئارا سىياستى، بولۇپمۇ ختايغا قارىتا سىياسىي ئىستراتېگىيەلىرى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان تېمىسىغا ئايلانغان ئىدى. نۇرى تۈركەل ئەپەندى بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ تەۋسىيەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى: «ئامېرىكانىڭ قىممەت قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇيغۇر مەسىلىسى بۇ يېڭى ھۆكۈمەتتە تېخىمۇ چوڭقۇر يەر ئېلىشى مۇمكىن.»

كلىنتوننىڭ سابىق سودا ۋەكىلى چارلىن بارشېفسكى ئىلگىرى بايدىن شى جىنپىڭ بىلەن ئۇچراشقاندا مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرغان ئىكەن: «ئىستراتېگىيە جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سىياسەت ئىككى تەرەپلىك، رايون خاراكتېرلىك ۋە يەرشارى خاراكتېرلىك بولۇشى كېرەك. بۇ رەسىم تاللاش ئەمەس، بەلكى مۇرەككەپ بىر مانېۋىر.»

نۇرئىمان

# تۈركىيەدىكى ھەرقايسى پارتىيەلەر ئىستانبۇلدىكى ختاي كونسۇلخانىسى ئالدىغا توپلانغان ئۇيغۇر ياشلىرىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى

لاگېر قۇربانلىرى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىستانبۇلدىكى ختاي كونسۇلخانىسى ئالدىدا نارازىلىق پائالىيىتى قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى قوللاش ئۈچۈن تۈركىيەدىكى ھەر قايسى پارتىيە رەھبەرلىرى، ئاممىۋى تەشكىلات مەسئۇللىرى، جامائەت ئەرباپلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ھال سورىماقتا. بۇ ئۇيغۇر ياشلارنىڭ نارازىلىق پائالىيىتىگە دىققەت قىلىۋاتقان ئاخبارات ۋاستىلىرىمۇ كۆنسايىن كۆپەيمەكتە.

ئائىلە ئەزالىرى ختاي تۈرمىلىرىگە ياكى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا سولانغان تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار 15 كۈندىن بۇيان ئىزچىل ھالدا ئىستانبۇل تارابيادىكى ختاي كونسۇلخانىسىدىن ئائىلىلىرى ھەققىدە ئېنىق ئىزاھات بېرىشنى تەلەپ قىلماقتا.

قوللىرىدا ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ فوتو ـ سۈرەتلىرىنى كۆتۈرگەن ھالدا ئىستانبۇلدىكى ختاي كونسۇلخانىسى ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ پائالىيىتى تۈركىيەدىكى ھەر قايسى پارتىيەلەرنىڭ




ۋە ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىماقتا. «كېلەچەك» پارتىيەسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سەلجۇق ئۆزداغ ئەپەندى، «ئىيى» پارتىيەسىنىڭ ئىستانبۇلدىكى مەسئۇلى ساتۇق بۇغرا قاۋۇنجۇ ئەپەندى، «سائادەت» پارتىيەسىنىڭ ئىستانبۇلدىكى مەسئۇلى ئۆمەر فارۇق يازىجى ئەپەندى ھەمدە تونۇلغان ژۇرنالىستلار، دىنىي جامائەتلەرنىڭ ئەرباپلىرى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى ختاي كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدىدىكى پائالىيەتكە قاتنىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ لاگېر قۇربانلىرىنىڭ پائالىيەتىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

لاگېر قۇربانلىرى يېقىنلىرىدىن جەۋلان شىرمەمەت ئەپەندى زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ، پائالىيەتنىڭ 8 ـ كۈنىدىن باشلاپ تۈركىيەدىكى سىياسىي پارتىيەلەر ۋە ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ زور دىققىتىنى تارتىشقا باشلىغانلىقىنى بايان قىلدى.

جەۋلان شىرمەمەت ئەپەندى «ئىيى» پارتىيەسىنىڭ ئىستانبۇلدىكى مەسئۇلى ساتۇق بۇغراخان قاۋۇنجۇ، «ئاقىت» تېلېۋىزىيەسىنىڭ رىياسەتچىسى خالىس ئۆزدەمىر ئەپەندى، «كېلەچەك» پارتىيەسى مۇئاۋىن رەئىسى سەلجۇق ئۆزداغ ئەپەندى ۋە «سائادەت» پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئۆمەر فارۇق يازىجى ئەپەندى شۇنداقلا كۆپ ساندا خەۋەر ئاگېنتلىقى ۋە تېلېۋىزىيە قاناللىرىنىڭ كېلىپ ئۆزلىرىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكىنى، ئۆزلىرىنى زىيارەت قىلىپ نەق مەيداندىن تارقاتقانلىقىنى بايان قىلدى.

5 ـ يانۋار كۈنى «كېلەچەك» پارتىيەسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سەلجۇق ئۆزداغ باشچىلىقىدىكى ھەيئەت ئىستانبۇلدىكى ختاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ دەردىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇخبىرلارغا بايانات بېرىپ، مۇنداق دېگەن: «بىز سىلەرنىڭ يېنىڭلاردا بولىمىز، بۇنداق پائالىيەتلەر ئارقىلىق سىلەرنىڭ ئاۋازىڭلار بولىمىز. سىلەرنىڭ بۇ پەريادىڭلارنى ئاللاھقا ئاڭلىتىدۇ. خۇدايىم بۇيرىسا، بۇ پەريادىڭلارنى جامائەتكە ئاڭلىتىمىز. سىياسەتچىلەرگە ئاڭلىتىمىز.»

بىز ختاينىڭ ئىستانبۇلدىكى كونسۇلخانىسى ئالدىدا پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا تېلېفون قىلىپ، نەق مەيداندىن مەلۇمات ئىگىلىدۇق. شەمسىيە تۇرسۇن خانىم 15 كۈندىن بۇيان ئاتا ـ ئانىسى ۋە كىچىك ئاپىسىنىڭ ئىز ـ دېرېكىنى قىلىش ئۈچۈن ختاي كونسۇلخانىسى ئالدىدىكى پائالىيەتكە ئىشتىراك قىلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى.

«بۇ 15 كۈن جەريانىدا سىزگە ئەڭ كۆپ نېمە تەسىر قىلدى؟» دېگەن سوئالىمىزغا ئۇ تۈركىيەدىكى ھەر قايسى پارتىيەلەر ۋە ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ ھەر كۈنى كېلىپ ئۆزلىرىنى قوللاۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭدىن بەكلا تەسىرلەنگەنلىكىنى بايان قىلدى.

ئىستانبۇلدىكى مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى شەمسىيە ئېلى ئاتا ـ ئانا ۋە چوڭ تاغىسىنىڭ ئىز ـ دېرېكىنى قىلىش ئۈچۈن بۇ پائالىيەتكە قاتنىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ 2 نەپەر يەرلىك تۈركنىڭ ئۆزلىرىنى قوللاش ئۈچۈن 15 كۈندىن بۇيان ئىزچىل ھالدا ئەتىگەن كېلىپ ئاخشام كېتىۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى.

ئائىلە ئەزالىرى ختاي تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ۋە ياشلار 18 ـ دېكابىردىن ئېتىبارەن ختاي كونسۇلخانىسى ئىلتىماسلىرىنى رەسمىي يوسۇندا تاپشۇرۇۋالغانغا ۋە ئائىلىلىرى ھەققىدە ئىزاھات بەرگەنگە قەدەر ھەر كۈنى كونسۇلخانا ئالدىدا يىغىلىپ، ختاي ھۆكۈمىتىدىن جاۋاب كۈتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان ئىدى. 15 كۈندىن بۇيان ئىستانبۇلدىكى ختاي كونسۇلخانىسى ئالدىدىكى بۇ پائالىيەت تېخىمۇ كۈچلىنىپ داۋام قىلماقتا.

ئەركىن تارىم

# Заявление Госдепартамента США по поводу геноцида уйгуров со стороны китайских властей

Госдепартамент США 19 января 2021 года выступил с заявлением, в котором говорится, что «решение Госдепартамента США по вопросу в уйгурском регионе Китая».

В заявлении говорится, что китайское правительство официально объявило широкомасштабные репрессии против коренных мусульманских народов, основанных на уйгурах в уйгурском регионе, как «геноцид» и «преступления против человечности».

В своем заявлении Госсекретарь США Майк Помпео сказал: «Поскольку злодеяния в наши дни совершаются так, как мы не видели в прошлом, природа зверств никогда не изменится. Итак, сегодня я принял следующие решения:

Во-первых, после тщательного анализа существующих пакетов, начавшегося в марте 2017 года, китайское правительство рассматривает возможность гуманитарного подхода к мусульманской общине, возглавляемой уйгурами, под руководством и контролем Коммунистической партии Китая. Эти преступления все еще продолжаются.



Эти преступления включают: произвольное задержание более миллиона человек; лишение физической свободы; принудительное бесплодие; пытки; принудительный труд; строго ограничивают религиозную свободу, свободу мысли и свободу передвижения. В конце Второй мировой войны Нюрнбергский суд признал военных преступников виновными в «преступлениях против человечности». Похожее преступление сегодня происходит в Уйгурском районе.

Во-вторых, согласно нашему расследованию, этот геноцид продолжается. Мы являемся свидетелями систематического истребления уйгуров Коммунистической партией Китая. Китайское правительство, занимающее второе место в мире в экономическом, военном и политическом плане, пытается утвердиться в качестве мирового лидера и восстановить свой имидж в международной системе.

В заявлении Госдепартамента США говорится, что китайское правительство должно немедленно освободить задержанных, так называемые «тренировочные» лагеря, задержанных, а также домашний арест и принудительное задержание. Прекратить меры контроля населения, такие как противозачаточные средства, принудительные аборты, противозачаточные средства и изъятие детей из их семей; положить конец всем пыткам и унижениям в лагерях и тюрьмах; положить конец преследованиям членов уйгурского региона и других частей Китая в уйгурских и других религиозных общинах.

**Азиз**

# Международные эксперты о грубых нарушениях прав человека в СУАРе

По мнению группы экспертов, за признанием США геноцидом репрессий Китая в отношении этнических уйгуров в его северо-западном Синьцзян-Уйгурском автономном районе (СУАР) должны последовать более жесткие экономические санкции и согласованные международные усилия, чтобы подтолкнуть Пекин к изменению курса.

Политика Китая в СУАР направлена на «насильственную ассимиляцию и возможное уничтожение уязвимой группы этнических и религиозных меньшинств», - сказал уходящий госсекретарь Майк Помпео, объявив о назначении, которое группы уйгурских изгнанников отстаивают с момента обнаружения в 2017 году массового интернирования. лагеря, в которых проживало 1,8 миллиона уйгуров и представителей других мусульманских меньшинств.

Новый госсекретарь Энтони Блинкен одобрил назначение, предполагая, что администрация президента Джо Байдена будет придерживаться более решительного подхода к привлечению Китая к ответственности за его нарушения в регионе.

Китайские эксперты недавно заявили Уйгурской службе RFA, что наиболее эффективные действия, которые может предпринять Вашингтон, включают введение экономических санкций в Китай в дополнение к мерам, блокирующим торговлю и поездки, которые администрация Трампа ввела в отношении китайских чиновников и компаний в СУАР в прошлом году.

Они также призвали к более многостороннему подходу к осуждению Китая и остракизму со стороны международного сообщества, что, по их мнению, может привести Пекин к корректировке своей политики в отношении уйгуров в СУАР.

Немецкий исследователь Адриан Зенц, ведущий эксперт по политике Китая в отношении уйгуров, чьи исследования предоставили критические доказательства злоупотреблений в СУАР, отметил, что это определение имеет «юридические последствия» для внешней политики в отношении Пекина, поскольку США обязаны действовать для предотвращения геноцида. .

«На мой взгляд, одна из самых многообещающих стратегий, чтобы что-то исправить в ситуации, - это быть очень жесткими и всеобъемлющими в отношении принудительного труда, потому что это экономический аспект этого, и Коммунистическая партия очень чувствительна к экономической стороне и к прибыли, - сказал Зенц, старший научный сотрудник Вашингтонского мемориального фонда жертв коммунизма.




По данным СВР, за последний год США импортировали из Китая хлопчатобумажной продукции на 9 миллиардов долларов и помидоров на 10 миллионов долларов. Большая часть хлопка Китая поступает из СУАР.

Согласно сообщениям, на фоне усиливающегося международного контроля власти СУАР начали отправлять заключенных работать на фабрики в рамках попытки обозначить лагеря «профессионально-техническими центрами», хотя содержащиеся в этих учреждениях лица регулярно трудятся в условиях принудительного или принудительного труда.

Зенц призвал Конгресс принять Закон о предотвращении принудительного труда уйгуров, который был принят в марте прошлого года и принят Палатой представителей, но так и не был доведен до сведения Сената, и будет блокировать импорт из региона, если не будут представлены доказательства. что они не связаны с принудительным трудом.

«Это налагает запрет на импорт любой продукции из Синьцзяна и дополнительные меры для принудительного перевода на работу в другие части Китая», - сказал он.

Андерс Корр, который издает «Журнал политических рисков» и является руководителем Corr Analytics, сказал RFA, что администрация Байдена должна быть готова к испытаниям из Пекина и опасаться любых попыток «маленьких шагов» на пути к улучшению отношений с Китаем.

«Страна, ведущая геноцид - это не та страна, с которой можно достичь какого-то сближения, используя детские шажки», - сказал он.

Вместо этого, он предложил, Китай должен быть привлечен к ответственности за зверства СУАР таким образом, чтобы это «согласовывалось» с целями экономической политики США.

Андерс Корр сказал, что промышленная и экономическая мощь, которую США передали Китаю с 1980-х годов, «используется против нас как с точки зрения операций экономического, так и политического влияния при производстве вооруженных сил мирового класса китайцами посредством кражи технологий и промышленный шпионаж. «Все это необходимо остановить, и геноцид - очень веская причина для этого».

Администрация бывшего президента Дональда Трампа в июле 2020 года ввела санкции против нескольких высокопоставленных китайских чиновников, которые считаются ответственными за нарушения прав в регионе, включая регионального секретаря партии Чэнь Цюаньго, в соответствии с Законом о глобальной ответственности за права человека Магнитского.

Этот шаг, который ознаменовал собой первый раз, когда Вашингтон ввел санкции в отношении члена влиятельного Политбюро Китая, последовал за принятием Трампом в июне Закона о политике в области прав человека уйгуров от 2020 года (UHRPA), который почти единогласно был принят обеими палатами Конгресса в конце мая. . Законодательство подчеркивает произвольные лишения свободы, принудительный труд и другие злоупотребления в СУАР и предусматривает санкции против китайских чиновников, которые их применяют.

Джеймс Миллуорд- профессор межобщественной истории в Школе дипломатической службы Джорджтаунского университета отметил, что у Европейского союза и Великобритании есть незавершенные торговые сделки с Китаем, но предупредил, что указание США «должно дать парламентам паузу перед тем, как они поспешат заключить общие торговые сделки, которые следуют обычным протоколам ведения дел».

Андерс Корр и Зенц также предположили, что остальной мир может последовать примеру Вашингтона и сотрудничать, чтобы наказать Китай за его злоупотребления иными способами.

**Об этом сообщает уйгурская служба РФА. Написано на английском языке Джошуа Липесом**

# قىرغىزىستان ئۇيغۇر مائارىپىغا بىر نەزەر



مۇزەپپەرخان قۇربان.
شائىر، ژۇرنالىست

قىرغىزىستان ئۇيغۇر مائارىپى ھەققىدە گەپ ئېچىشتىن بۇرۇن، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قۇرۇلغان بۇرۇنقى قىرغىز جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە، ئەشۇ باشلانغۇچ دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ـ سەياسىي ھاياتىدا تۇتقان ئورنى، سانى توغرىسىدا قىسقىچە توختۇلۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

قىرغىزىستان تەۋەسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەزەلدىن ياشاپ كەلگەنلىگى ۋە ھەر خىل سەياسىي ـ ئىجتىمائىي ھادىسىلەر سەۋەپلىك قىسمەن خەلق ئاممىسىنىڭ چېگارانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئۇيغۇر دىيارى ئارىلىغىدا ئۇ ياقتىن بۇ ياققا يۆتكۈلۈپ تۇرۇش ھادىسىلىرى بولۇپ تۇرغانلىغى ئۇزۇندىن بېرى مەلۇمدۇر. جۈملىدىن تارىخ پەنلىرىنىڭ دوكتورى ئابلابېك ئاسانقانوۋ «قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرى» ماۋزۇلۇق كىتاۋىدا مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «XVIII ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ـ XIX ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا... مانجۇر ـ خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، مىڭلىغان ئۇيغۇرلار يەتتەسۇ ۋىلايىتى ۋە پەرغانە ۋادىسىغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. بەزى مەلۇماتلار بويىچە شۇ ۋاقىتنىڭ ئىچىدە قوقەنت خانلىغىنىڭ يېرىگە 85 مىڭدىن 165 مىڭغىچە قەشقەرلىقلەر كۆچۈپ بارغان... XIX ـ ئەسىردە پەرغانە ۋادىسىنىڭ ئۆزىدىلا قەشقەر ـ قىشلاق دەپ ئاتىلىدىغان ژىگىرمىدىن ئارتۇق يېزا بولغان... دەسلەپ ئۇيغۇرلار چۇي ۋە پەرغانە ۋادىلىرىنى؛ ئىسسىق ـ كۆل ئەتراپىدىكى بەزى يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرگەن. قىرغىزىستاننىڭ جەنۇبىدا بولسا ئۇيغۇر مەھەللىرى ئوش، ئۆزگەن، جالال ـ ئاباد شەھەرلىرى ئەتراپىغا جايلاشقات. چۇي ۋىلايىتىدا: ئالامېدىن، قەنت ناھىيەلىرى، پىشپەك، توقماق ۋە قارا ـ بالتا شەھەرلىرىگە؛ ئىسسىق ـ كۆل ۋىلايىتىدا: قارا ـ قول شەھىرىگە، جېتى ئوگۈز ناھىيەسىنىڭ ئىردىق يېزىسىغا؛ نارىن ۋىلايىتىنىڭ ئات ـ باشى يېزىسىغا جايلاشقان».[1]

مائارىپ مەسىلىسىگە كەلسەك، 1917 ـ يىلى روسىيە پادىشاسى ئاغدۇرۇلۇپ لېنىن، ستالىن باشچىلىغىدىكى كوممۇنىستىك ھاكىمىيەت تىكلەنگەندىن كېيىن، سوۋېت ھۆكۈمىتى روسىيەنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا خەلقلەر قاتارىدا ئورتا ئاسىيە خەلقلىرىنىمۇ مىللىي رېسپۇبلىكىلارغا بۆلۈپ باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلقنىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتىنى ئۇمۇمىيۈزلۈك قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مائارىپ مەسىلىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ ۋە خەلقنىڭ ئاڭ ـ سەۋىيەسىنى كۆتۈرۈش سەياسىتىنى كەڭ قانات يايدۇرىدۇ. بارلىق رېسپۇبلىكىلاردا، شۇ قاتاردا قىرغىزىستاندىمۇ ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا مەكتەپ، كەچ كۇرسلىرى كۆپلەپ ئېچىلىدۇ.

1927 ـ يىلى سوۋېت سوتسىيالىستىك ئاۋتونوم قىرغىز رېسپۇبلىكىسىنىڭ ئاقارتىش مەسىلىلىرى بويىچە خەلق كومىسسارى ـ قاسىم تىنىستانوۋ (1938 ـ يىلى 6 ـ نويابىردە مىللەتچىلىكتە ئەيىپلەپ 37 يېشىدا ئېتىۋەتكەن) 1927 ـ يىلى 7 ـ نويابىر «ئېركىن تۇۋ» گېزىتىدە مائارىپ توغرىسىدا ئېلان قىلغان «10 يىل ئىچىندەگى ئاغارتۇۋ ئىشى» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدا مۇنداق مەلۇماتلارنى بېرىدۇ: «باشقا رېسپۇبلىكىلاردا، ئىچكەركى شەھەرلەردە قىرغىزىستاندىن 943 بالا ئوقۇيدۇ. بۇلار مىللەت بويىچە مۇنداق بۆلىنىدۇ: قىرغىز 419، ياۋروپىلىقلار (رۇس، نېمىس، ئۇكرائىنلىق ۋە باشقىلار) 286، تاتار 83، ئۆزبەك 60، ئۇيغۇر 30، تۇنگان 39، سارت قالماق 10 قالغانلىرى باشقا مىللەتلەردىن.

ئەمدى مىسال ئۈچۈن بىرىنچى باسقۇچ مەكتەپلەرنىڭ مىللەت بويىچە بۆلۈنۈشلىرىنى كۆرەيلى: قىرغىزلارنىڭ 126، ئۆزبەكلەرنىڭ 27، ئۇيغۇرلارنىڭ 7، تاتارلارنىڭ 5، تۇنگانلارنىڭ 3، سارت قالماقلارنىڭ 3، تۈركلەرنىڭ 2، ئارىلاش مەكتەپ 1».[2] مەزكۇر مەكتەپلەرنىڭ قايسى تەۋە، شەھەرلەردە ياكى يېزىلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىغى توغرىسىدا مەلۇمات يوق.

بىشكېك شەھىرىنىڭ تۇرغۇنلىرى ئەسلى يەرلىك ئۇيغۇر ئاق ـ ساقاللىرىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە تەخمىنەن ھازىرقى توكتوگۇل، پراۋدا كوچىسىنىڭ كېسىلىشىدا 1920 ـ 1930 ـ يىللىرى بىر باشلانغۇچ ئۇيغۇر مەكتىۋى بولغان ئىكەن. ھەتتا 1970 ـ يىللىرى مەزكۇر مەكتەپ ئىشچىلارنىڭ كەچ كۇرسى مەكتىۋى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. يېشى 90 غا تاقىغان يەنە بىر ئۇيغۇر ئاق ـ ساقالنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ھەدىسى ئەشۇ مەكتەپتە مۇئەللىم بولغان. بىشكېكتە «م س ن» (مايا ستولىتسا نوۋوستى) ناملىق رۇس تىلىدا چىققان گېزىتنىڭ 2006 ـ يىلى №75، 11 ـ ئىيۇل سانىدا تاتيانا ئورلوۋانىڭ ئاۋتورلىغىدا «ئۇلىتسا سوۋېتسكايا» (سوۋېت كوچىسى) ماۋزۇلۇق ئەخبارات ئېلان قىلىندى. ئەخباراتتا ئاۋتور سوۋېت ۋە كىيېۋ كوچىسىنىڭ كېسىلىشىدە يەنە بىر ئۇيغۇر مەكتىۋىنىڭ بولغانلىغىنى سۆزلەپ ئەشۇ ئۇيغۇر مەكتىۋىنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى چۈشۈرۈلگەن فوتو سۈرىتىنى بەرگەن. تاتيانا ئورلوۋا ئۆز ئەخباراتىدا نىكولاي چاساۋوي بىلەن ۋلادىمىر پېتروۋنىڭ قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى، مەركەزلىك دۆلەت ئارخىۋىدا ساقلىنىۋاتقان ھۆججەت ماتېرىياللاردىن مەزكۇر مەكتەپنىڭ فوتو سۈرىتىنى چۈشۈرۈۋېلىپ رېداكسىيەگە تاپشۇرغانلىغىنى ئېيتىدۇ.

ئا. ئاسانقانوۋ «قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرى» كىتاۋىدا، دۆلەت ئارخىپلىرىغا ئاساسلانغان ھالدا ئۇيغۇر مائارىپى توغرىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «XX ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا قىرغىزىستاندا «ئۇيغۇر» ئىنقىلابى ئىتتىپاقى قۇرۇلدى... XX ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا قىرغىزىستاندا ئونغا يېقىن باشلانغۇچ ئۇيغۇر مەكتەپلىرى بىلەن ئۇيغۇر تىلى كۇرسلىرى مەۋجۇت بولغان... ئۇيغۇر ئاھالىسى ئارىسىدا سەياسىي، ئېگىلىك ئىشلىرى مائارىپ ۋە مەدەنىي ـ ئاقارتىش ئىشلىرىنى «ئۇيغۇر» ئىتتىپاقىنىڭ پىشپېك، (ئۇ مەزگىلدە بىشكېك پىشپېك دەپ ئاتالغان كېيىن فرونزېغا ئۆزگەرتكەن) توقماق، قارا ـ قول ياچېيكىلىرى ئېلىپ باردى... «ئۇيغۇر» ئىنقىلابىي ئىتتىپاقى مەكتەپلەرگە ئاتىدارچىلىق قىلاتتى، ھەر خىل كۇرسلارغا، ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ بالىلىرى ئوقۇيدىغان مەكتەپلەرگە ياردەم بېرەتتى. ئىتتىپاق ئەزالىرى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىگە ماددىي ياردەم كۆرسەتتى، لېكسىيەلەرنى ژۈرگۈزەتتى، مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنى



بىشكەك شەھرىدە ھازىرقى سوۋېت ۋە كىيېۋ كوچىلىرىنىڭ دوخمۇشىدا جايلاشقان ئۇيغۇر مەكتىۋى (20 ـ يىللاردا چۈشۈرۈلگەن فوتوسۈرەت)

ئوقۇشقا، بىلىم ئېلىشقا جەلىپ قىلاتتى».[3]

يۇقارقى تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا سوۋېت ھاكىمىيىتى ئۆزىنىڭ باشلانغۇچ 1920 ـ 1930 ـ يىللىرى مىللىي سەياسەتنى ئادىل قوللىنىپ، ئۆز تەركىۋىدىكى خەلقلەرنىڭ مىللىي مائارىپى ۋە مەدەنىيىتىنى رىۋاجلاندۇرۇشى ئۈچۈن تېگىشلىك شەرت ـ شارائىتلارنى يارىتىپ بەرگەن. جۈملىدىن قىرغىزىستان ئۇيغۇر مائارىپىمۇ جۇمھۇرىيەتتىكى باشقا مىللەتلەر مائارىپى قاتارى رەسمىي دۆلەت پروگراممىسى بويىچە يولغا قويۇلغان.

ئەپسۇس، 1937 ـ 1938 ـ يىللىرى باشلانغان ستالىننىڭ تەقىپ ـ جازالاش، قىرغىنلىق سەياسىتى، بولۇپمۇ قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرىغا تولىمۇ دەخشەتلىك كەلگەن ئىكەن. ئۇيغۇرلارنى كوچىلاردا، بازارلاردا، ھەتتا ساتراشخانا، ئاشخانىلاردا، ئۆيىدىكىلەرنى ئۆيىدە ھېچ قانداق ئاساسسىز ياپوننىڭ يە باشقا بىرىنىڭ جاسۇسى قاتارى ئۇمۇمىيۈزلۈك تۇتقۇن قىلىپ، ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، ئىز ـ دەرەكسىز يوقاتقان. كۆپ ئۇيغۇرلار بۇ قىرغىنلىقتىن جان ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆز مىللىتىنى ئۆزبەك، قىرغىز ۋە باشقىلارغا ئۆزگەرتىۋېتىشكە مەجبۇرى بولغان. بۇ پاجىئە توغرىسىدا ئا. ئاسانقانوۋنىڭ «قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرى» كىتاۋىدىمۇ تەپسىلى يېزىلغان.[4]

ستالىننىڭ تەقىپىگە ئۇچراپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن 137 ئادەمنىڭ جەسىدى، بىشكېك شەھرىگە يېقىن يېزىلارنىڭ بىرى ـ چوڭ ـ تاش يېزىسىنىڭ يېنىدىكى بىر جايغا كۆمۈلگەنلىگى 1991 ـ يىلى تېپىلدى. 1938 ـ يىلى نويابىردا پەقەت بىر فرونزې (ھازىرقى بىشكېك) شەھرىدە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن 36 ئۇيغۇرنىڭ جەسىدىمۇ ئەشۇ 137 ئادەمنىڭ جەسىدى تەركىۋىدە ياتماقتا. ئۇ جاي ئاتا ـ بېيىت دەپ ئاتالدى. ئاتا ـ بېيىتتا ياتقان ئەشۇ 137 ئادەمنىڭ تىزىملىگى ئىچىدە 36 ئۇيغۇرنىڭمۇ ئىسىملىرى يېزىلغان.

ئەشۇ بوران ـ چاپقۇنلۇق جەرياندا قىرغىزىستاندىكى بارلىق ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئوچاقلىرى، مائارىپى پۈتۈنلەي چەكلىنىپ تۈپ يىلتىزىدىن يوقۇتۇپ تاشلانغان.

پەقەت 1988 ـ يىلى مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاۋتورى مۇزەپپەرخان قۇربانىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بىشكېك شەھرىدە ئۇيغۇر جامائىتى كۆپ ياشايدىغان تۆكۈلداش مەھەللىسىدىكى №53 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە، لېبېدىنوۋكا يېزىسىدىكى №2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ۋە نوۋو ـ پوكروۋكا يېزىسىدىكى №3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە، ئەشۇ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىگە ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى ئوقۇتۇش دۆلەت ستاندارتىنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسىغا رەسمىي كىرگۈزۈلۈپ، ئۇيغۇر سىنىپلىرى ئېچىلدى. №53 ـ مەكتەپتە دەسلەپ گۈلبوستان ئىبىدىمنوۋا، كېيىن ماھىرە غانىبېۋا، ئىبادەت سايىتوۋا؛ لېبېدىنوۋكا يېزىسىدىكى №2 ـ مەكتەپتە ـ مېخرىبان ئەخمەتوۋا، زۇلفىيە مادىياروۋا، پەرىدەم باۋدىنوۋا؛ نوۋو ـ پوكروۋكا يېزىسىنىڭ №3 ـ مەكتىۋىدە، رەشىدە نىزامۇددىنوۋا، مۇكەررەم رازىېۋا ساۋاق ئۆتتى.

نەتىجىدە ئۇيغۇر سىنىپلىرى ئاستا ـ ئاستا فاكۇلتاتىۋ (مەكتەپ پروگراممىسىنىڭ سىرتىدا، ئىختىيارى دەرىس ئۆتۈش) دەرىجىسىگە يۆتكىلىپ، ئاخىر 2010 ـ يىللار ئەتراپىدا تامامەن توختىدى. ئارىلىقتا قارا ـ بالتا شەھرىدە تەلئەت باقى، كەڭ ـ بۇلۇڭ يېزىسىدا ئابدۇسالام غاپپار، ئالا ـ توو يېزىسىدا يارمۇھەممەت ئۇشۇروۋلار فاكۇلتاتىۋ ئاساسىدا ئۇيغۇر بالىلىرىنى توپلاپ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىدىن دەرىس ئۆتۈپ، خىلە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ئاخىر بۇ ئىشلارمۇ توختاپ قالدى.

1994 ـ يىلى بىشكېكتە يۈسۈپ بالاساغۇنى نامىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تەركىۋىدىكى خەلقئارا بىلىم بېرىش پروگراممىسىنىڭ ئىنتېگراتسىيە ئىنستىتۇتىدا، ئۇيغۇر فىلولوگ فاكۇلتېتى، ـ گېئولوگىيە ـ مىنرولوگىيە پەنلىرىنىڭ نامزاتى، پروفېسسور ئىسرائىل ئىبراگىموۋنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئېچىلدى. مەزكۇر فاكۇلتېتنىڭ ئېچىلىشى قىرغىزىستان ئۇيغۇر جامايىتى ئۈچۈن بەك ئارزۇلۇق، يېڭىلىق ئىدى. ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن ئالىي بىلىم دەرگاھىدا ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، تارىخى ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىق دائىرىسىدىكى باشقا پەنلەر ئاساسلىرى بويىچە بىلىم ئېلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىلدى.

(داۋامى ـ 11بەتتە)

www.uyghurkitap.com



# Алмутида тонулған алим Мурат Һәмраев хатириләнди

Мәлумки, Қазақстанда әйни вақитларда көплигән алимлар йетилип чиққан болуп, улар уйғурларниң тили, тарихи, әдәбияти, мәдәнийити вә башқиму саһаләр бойичә тәтқиқатлар жүргүзүп, дунияға тонулған еди. Қазақстан уйғурлири әнә шундақ алимлирини хатириләп, уларниң әмгәклирини көпчиликкә тәрғиб қилип келиватмақта. 20-январь күни сабиқ Совет Иттипақи педагогика пәнлири академиясиниң мухбир-әзаси, Совет язғучилар иттипақиниң әзаси, филология пәнлириниң доктори, профессор Мурат Һәмраевниң туғулғанлиғиниң 85 жиллиғиға беғишлап өткүзилгән илмий муһакимә жиғини шуниң бир дәлилидур. Жиғин Қазақстан хәлқи кеңишигә әза жумһурийәтлик уйғур этно-мәдәнийәт мәркизи вә униң Алмута шәһәрлик шөбиси, Қазақстан уйғур яшлар бирлиги тәрипидин уюштурулди.

«Түрк филологияси: тарихи, бүгүни, келәчиги» темисидики мәзкур хәлиқара илмий муһакимә жиғиниға Қазақстан, Қирғизстан, Өзбәкстан, Америка алимлири, Қазақстандики жәмийәтлик бирләшмиләрниң вәкиллири, муәллимләр, һәр хил саһә вәкиллири қатнашти.

Жиғинға биология пәнлириниң доктори, Қазақстан йеза егилиги пәнләр академиясиниң академиги, жумһурийәтлик уйғур этно-мәдәнийәт мәркизи йенидики Алимлар кеңишиниң рәиси Мәсимжан Веләмов риясәтчилик қилди. Жиғинниң киришмә қисмида сөзгә чиққан Қазақстан парламенти Алий кеңишиниң әзаси, Жумһурийәтлик уйғур этно-мәдәнийәт мәркизиниң рәиси Шаһимәрдан Нурумов, мәркәз рәһбәрлиридин, «Уйғур авази» жумһурийәтлик иҗтимаий-сәясий гезитиниң баш муһәррири Эршат Әсмәтов, Зихруллам Қурванбақиев вә башқилар Мурат Һәмраевниң илмий паалийитиниң алаһидилиги, униң әмгәклириниң әһмийити һәққидә тохталди.

Эршат Әсмәтов мундақ деди: «Бүгүн биз улуқ алимимиз Мурат Һәмраевниң 85 жиллиғиға беғишланған муһакимидә баш қошуп олтиримиз. Бу, әлвәттә, наһайити чоң әһмийәткә егә, хәлиқара әһимийәткә егә чоң бир паалийәт. Бу жиғинда Мурат Һәмраевниң пүткүл һаяти, паалийити һәққидә наһайити яхши гәпләр болиду, дәп ишинимән».

Андин филология пәнлириниң намзити Һакимжан Һәмраев «Түркийшунаслиқта өчмәс изи қалди», Мурат Һәмраев намидики 150-оттура мәктәпниң мудири вәзиписини атқурғучи, жуғрапийә пәнлириниң магистри Муһидин Имашев «Алимниң өчмәс мираси мәңгү қәлбимиздә» темилирида баш докладларни қилди.

«Түрк филологияси: тарихи, бүгүни, келәчиги» намлиқ мәзкур илмий муһакимә жиғинида йәнә 10 ға йеқин доклад, шу жүмлидин америкилик уйғур тарихчи, доктор Нәбижан Турсун «Уйғур алими Мурат Һәмраевниң уйғурларни хәлиқарада тонуштурушқа қошқан төһписи», Мухтәр Әвезов намидики әдәбият вә сәнъәт институтиниң доценти, филология пәнлириниң кандидати Қидир Төрәли «Мурат Һәмраев вә классик түрк шеирийити», Қирғизстанлиқ алим, пәлсәпә пәнлириниң кандидати Әкбәржан Баудунов «Қирғизстан уйғур әдәбиятниң шәкиллиниши, тәрәққияти вә келәчиги», Абай намидики Қазақ миллий педагогика университетиниң доценти, филология пәнлириниң кандидати Руслан Арзиев «Алимлар алим һәққидә» темилирида докладларни қилди. Доктор Нәбижан Турсун Мурат Һәмраевниң зор сандики рус тилида нәшир қилинған илмий киммити жуқири әсәрлириниң дунияниң көплигән китапханилирида сақлиниватқанлиғи, униң әсәрлириниң уйғур хәлқини дунияға тонуштурушта, хәлиқара илим саһасида тонуштурушта бурундин башлап муһим роль ойниғанлиғини мисаллар билән баян қилди.


Мурат Һәмраев

Зияритимизни қобул қилған Мурат Һәмраев намидики 150-мәктәпниң уйғур тили вә әдәбияти пәниниң муәллими, филология пәнлириниң кандидати Һакимжан Һәмраев әпәнди алим Мурат Һәмраевниң, болупму түркшунаслиқта өчмәс из қалдурғанлиғини, униң уйғурлардин чиққан ажайип тәпәккур егиси һәм яркин сималириниң бири екәнлигини оттуриға қоюп, мундақ деди: «Мурат Һәмраевниң «Түрк шеирийитиниң асаслири» дәп аталған әсири өз вақтида Виктор Жирмунский, Исмағамбет Исмажилов, Вахид Захидов, Ғабит Мусрепов охшаш совет алимлири, шундақла Швециялик Гуннар Ярриң, Венгриялик Юлиус Мемета, чехиялик Людек Гржебечик, германиялик Волфған Штейтис вә башқиму мәшһур алимлар тәрипидин жуқири баһаланған еди. Алим тәтқиқатлириниң диққәт мәркизидә хәлқимизниң мәдәнийити, тарихи, әдәбиятшунаслиқ мәсилилири асасий орунни егилиди. Мурат Һәмраевниң тинимсиз әмгигиниң йәнә бир яркин көрүнүши шуниңдики, у уйғур хәлиқ еғиз иҗадийити нәмунилиридин мақал-тәмсилләрни, тепишмақларни, ләтипиләрни нәшрдин чиқирип, мәзкур жанрларниң қәдимийдин шәкиллинип, узақ тарихий жәриянда үзлүксиз өзгириш вә мукәммәллишиш йөнилишлирини баштин кәчүргәнлигини дәлиллиди. Мурат Һәмраевниң тәтқиқатлири энциклопедиялик характергә егә».

Докладчи йәнә Мурат Һәмраевниң алим-педагог сүпитидә тилға аларлиқ әсәрләрни мәйданға чиқарғанлиғини, уйғур мәктәплири үчүн әдәбият программилирини түзүп, дәрисликлирини йезип чиққанлиғини, көплигән яшларни илим дуниясиға дәвәт қилип, кандидатлиқ, докторлуқ диссертатсиялиригә рәһбәрлик қилғанлиғини билдүрди.

Һазирғичә Мурат Һәмраев һәққидә көплигән хатириләр, әслимиләрниң йезилип, топламларниң нәшир қилинғанлиғи, буниңда, болупму мәрһумниң иниси Хәмит Һәмраевниң көп күч чиқарғанлиғи мәлум.

Абай намидики Қазақ Миллий педагогика университетиниң оқутқучиси, филология пәнлириниң кандидати Шаирәм Баратова ханимниң ейтишичә, уйғур елидин қалса уйғурлар әң көп олтурақлашқан Қазақстанда 1960-1980-жиллардила көплигән атақлиқ алимлар йетишип чиққан. Тил, әдәбият, сәнъәт, тарих вә башқиму саһаләрдә йетилип чиққан уйғур алимлириниң бәзилири пәқәт Қазақстан даирисидила әмәс, бәлки дуния миқиясидиму тонулған.

Шаирәм Баратова мундақ деди: «Бүгүнки илмий муһакимә жиғининиң әһмийити шуниңдики, шәхсән мән үчүн униңда Мурат Һәмраевниң илмий паалийитигә даир йеңи мәлуматлар, мулаһизиләр, пикир-тәклипләр оттуриға қоюлди. Шуни алаһидә тәкитләш керәкки, алимниң илмий паалийити тар даиридә қаралмастин, бәлки униңда оқулған докладлар алим һаятиниң әң муһим тәрәплирини, униң әмгәклириниң пәқәт түркий хәлиқләр әдәбиятила әмәс, бәлки дуния әдәбияти үчүнму әһимийитиниң зор екәнлигини көрсәтти. Йәнә бир муһим мәсилә, бүгүнки жиғин Мурат Һәмраев әмгәклириниң пәқәт әдәбиятшунасларла әмәс, бәлки тилшунаслиқ, тарих, мәдәнийәт, сәнъәт вә башқиму саһа мутәхәссислири үчүнму муһим екәнлигини дәлиллиди. Болупму, маңа чәт әлләрдә яшаватқан қериндашлиримиздин тонулған америкилиқ тарихчи, доктор Нәбижан Турсун, Қирғизстанлиқ алим, пәлсәпә пәнлириниң кандидати Әкбәржан Баудунов, қазақстанлиқ алим Қидир Төрәлиниң докладлири қаттиқ тәсир қилди. Улар Мурат Һәмраевниң һәқиқәтәнму дунияға тонулған бир уйғур алим екәнлигини, мундақ шәхсләрни баһалашиниму билишниң зөрүр вә муһим екәнлигини алаһидә тәкитлиди. Шундақла, алим әмгәклирини инглиз вә башқиму түркий хәлқләр тиллириға тәрҗимә қилишниң муһимлиғини көрсәтти. Ейтип кетидиған йәнә бир мәсилә, биз келәчәктиму мошундақ илмий муһакимә жиғинлирини дунияниң һәр қайси мәмликәтлиридә яшаватқан уйғур алимлиримизниму жәлп қилған һалда өткүзүшимиз лазимдур. Шундақ болған тәқдирдә биз аримиздики мунасивәтләрни техиму мустәһкәмләп, хәлқимиз алдида турған муһим мәсилиләрни һәл қилиш үчүн имканийәт тапқан болаттуқ».

Мәлум болушичә, Мурат Һәмраев 1936-жили Алмута шәһиридә дуниға кәлгән болуп, мәктәпни тамамлиғандин кейин Ташкәнт шәһиридики Оттура Асия дөләт университетиниң шәрқ факултетида оқуған. У шу чағларда әдәбиятшунаслиқ, әдәбият тарихи, әдәбият нәзәрийәси, тәржимә саһалири бойичә һәртәрәплимә билим дәрижисини ашурушқа тиришқан. Алим 1961-жили 25 йешида «Уйғур классик вә замановий поэзиясидики қапийә» темисида кандидатлиқ диссертатсияни яқлап, 1964-жили, 28 йешида «Түркий шеирийити түзүлүшиниң асаслири» темисида докторлуқ диссертатсиясини утуқлуқ билән яқлап чиққан, һәм шу вақтларда Совет Иттипақи бойичә әң яш пән доктори намиға еришкән.

**Ойған**

# دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ئاتقۇرغان خىزمەتلىرى

دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر يازغۇچى، شائىرلىرىدىن تەشكىللەنگەن بىر ئاممىۋى تەشكىلاتتۇر.

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىگە قاراتقان يوقىتىش خاراكتېرلىك قاتتىق قول سىياسىتىنى كۈچەيتكەندىن بۇيان بىر تۈركۈم يازغۇچى، شائىر ۋە ئەدىبلىرىمىز تۈرمىلەرگە تاشلاندى، لاگېرلارغا سولاندى، ئىجادىيەت ھوقۇقلىرى تارتىۋېلىندى، ئەسەرلىرى چەكلەندى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاسمىنىنى زۇلمەت قاپلىدى. قار، بورانلىق بۇ جۇدۇندىن ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشقا ئۈلگۈرگەن بىر قىسىم يازغۇچى شائىر ۋە ئەدىبلىرىمىز ئۆز ۋەتىنىنى تاشلاپ باشقا دۆلەتلەردە سەرسان بولۇشقا مەجبۇر بولدى. گەرچە ئۇلارنىڭ سانى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما بار ئىمكانىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، يات تۇپراقلاردا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىنىڭ ئارىسىدا مۇناسىۋەت ئورنىتىش ، ئۆز تۇپرىقىدا چەكلەشكە ئۇچرىغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى يۈزلىنىشىنى ۋە تەرەققىياتى ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرۇش ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ باشقا دۆلەتلەردە تونۇشتۇرۇلۇشىغا يول تېپىش ۋە ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەر يازىدىغان قەلەمكەشلەرنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن ياخشى ئەسەرلەرنى قالدۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن ، بىر قىسىم يازغۇچى، شائىرلارنىڭ تەشكىللىشى ۋە تۈركىيەدىكى بىر قىسىم ئەدەبىيات سۆيەر قېرىنداشلارنىڭ ھەمكارلىششى بىلەن 2018-يىلى 4-ئايدا تۇنجى نۆۋەتلىك يىغىنى ئىستانبۇلدا چاقىردى. يىغىننىڭ بىرىنچى كۈنىدە « تۇنجى نۆۋەتلىك ئۇيغۇر شېئىرىيتى مۇھاكىمە يىغىنى» نامىدا شېئىرىيەت يىغىنى بولۇپ ئۆتتى. ئىككىنچى كۈنى ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن يازغۇچى،شائىرلارنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن « دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى » قۇرۇلۇپ چىقىلدى ۋە دېموكراتىك ئۇسۇلدىكى سايلام بىلەن دائىمىي ھەيئەتلەر سايلاپ چىقىلدى.

ئۇيۇشما قۇرۇلغاندىن كېيىن كىتاب چىقىرىشنى كۆتۈۋاتقان ئاپتورلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ نامىدا 2019-يىلى مۇتەللىپ سەيدۇللانىڭ « دېڭىزنىڭ ئېيتقانلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ، پاتىمە سەيياھنىڭ «ناتونۇش شەھەر» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، مۇقەددەس نۇرنىڭ تەرجىمىسىدە «ياپونىيەنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى شەرقىي تۈركىستان ئىستراتېگىيەسى» ناملىق كىتابى، 2018-يىلى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتنىڭ « ئانامنىڭ ئەسلىملىرى» ناملىق ماقالىلا توپلىمى ۋە« سەرسان تۈيغۇلار»ناملىق شېئىرلار توپلىمى، 2020-يىلى ئۆمەر ئىمىننىڭ « پانىي دۇنيادىكى دوزاخ» ناملىق لاگېر شاھىتلىرىنىڭ ھاياتىغا بېغىشلانغان كىتابى نەشر قىلىندى. ئابدە نەسرىننىڭ «تۇرنا» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمىنى دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى نەشرگە تەييارلاپ 2020-يىلى نەشر قىلدۇردى.

بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان بىر ئىش شۇكى، دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بىۋاسىتە تەشكىللىشى ۋە نەشرگە تەييارلىشى بىلەن « تىلسىز قۇشلار» ناملىق چەتئەلدىكى ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق كوللېكتىپ شېئىر توپلىمى 2020-يىلى نەشر قىلىنىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ تۈركچە شېئىر توپلىمى



ئۇيۇشما تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.

دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ شىۋېتسىيە شۆبىسى ئۆزلىرىنىڭ ئىنتېرنېت ژۇرنىلىنىڭ 33 سانىنى ئۇيغۇرلارغا بېغىشلىدى ۋە ئۇيۇشمىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدى. يېقىندا يەنە دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ شىۋېتسىيە شۆبىسى تۈرمىدىكى ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ھەققىدە بىر دوكلات تەييارلىدى. دوكلات 2020-يىلى 12-ئاينىڭ 10-كۈنى ئېلان قىلىندى.

دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى 2020-يىلى 10-ئايدا شىۋېتسىيەدە رەسمىي تىزىمغا ئالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيۇشما نىزامنامىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئۇيۇشما ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ ساغلام ۋە ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، كۆپ تەرەپلىمە پىكىر ئېلىش ۋە مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ئۇيۇشمىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتىغا قىسمەن تەڭشەش ئېلىپ باردى . تەڭشەشتىن كېيىنكى ئۇيۇشما تەشكىلى تۆۋەندىكىچە بولدى.

ئۇيۇشمىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى : ئالىمجان ئىنايەت (تۈركىيە)، ئەسەت سۇلايمان (ئامېرىكا). مۇقەددەس نۇر (ياپونىيە)، نۇرەخمەت قۇربان (تۈركىيە)، ئۇيۇشما تەپتىشى: تۈيغۇن ئابدۇۋەلى (كانادا)، ئۇيۇشمىنىڭ ئىقتىسادقا مەسئۇل خادىمى، راھىلە كامال (شىۋېتسىيە)، ئۇيۇشما ھەيئەت ئەزالىرى: تاھىر ھامۇت ئىزگىل (رەئىس، ئومۇمىي ئىشلارغا مەسئۇل، ئامېرىكا، مۇتەللىپ سەيدۇللا (مۇئاۋىن رەئىس، ئەزا ۋە نەشرىيات ئىشلىرىغا مەسئۇل، نورۋېگىيە، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت (باش كاتىپ، مالىيە ۋە ئالاقە ئىشلىرىغا مەسئۇل،شىۋېتسىيە، زۇلھايات ئۆتكۈر (تەشۋىقات ئىشلىرىغا مەسئۇل، شىۋېتسىيە) ئەركان قادىر (ياشلار ۋە پائالىيەت خىزمىتىگە مەسئۇل، تۈركىيە).

دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغىنىغا ئۇزاق بولمىغان ياش بىر ئۇيۇشما بولسىمۇ، ئۆزىدىكى بار ئىمكانىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ چەتئەللەردە پۇت تىرەپ تۇرۇشىغا تىرىشىپ كەلمەكتە.

دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار
ئۇيۇشمىسى

# قىرغىزىستان ئۇيغۇر مائارىپىغا بىر نەزەر

(ئاخىرى. بېشى 9-بەتتە)

مېتودىكىلىق قۇراللار مەسىلىسىدە قازاقىستان ئۇيغۇر ئالىملىرى ياردەم قولىنى سۇندى. قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق» جەمئىيىتى يېقىندىن ياردەم كۆرسىتىپ تۇردى.

ئۇيغۇر فىلولوگىيەسى فاكۇلتېتىدا ئوقۇش مۇددىتى دەسلەپتە 5 يىل بولۇپ، كېيىن4 يىلغا ئۆزگەرتىلدى، ئۇيغۇر فىلولوگىيەسى بويىچە مۇتاخەسسىسلەر تەييارلاندى. ستۇدېنتلار: گۇمانىتار ۋە تەبىئىي پەنلەر، ئىجتىمائىي - ئىختىسادى، فۇندامېنتال، ئومۇمىي كەسپى ۋە مەخسۇس پەنلەر بويىچە كەڭ دائىرىدە بىلىم ئالدى. شۇنداقلا ئىنگلىز، تۈرك، ئەرەپ، خىتاي تىللىرىمۇ ئوقۇتۇلدى. كومپيۇتېر تېخنولوگىيالىرىنى ئۆزلەشتۈردى. 1998-يىلى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەسلەپكى توپى ئوقۇشنى تاماملىدى. مەزكۇر فاكۇلتېتتا قىرغىزىستان ياشلىرىدىن باشقا قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا، چىمكەنت شەھەرلىرىدىن، تالدىقورغان ۋىلايىتىدىن كەلگەن ستۇدېنتلار كۆپ بولدى. ھەتتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ%75 قازاقىستان ئۇيغۇر ياشلىرى تەشكىل قىلدى. مەخسۇس پەنلەرنى ئوقۇتۇش بويىچە ئاتاقلىق ئالىملار، كۆپ تەجرىبىگە ئىگە پروفېسسور - قىرغىزىستان مىللىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى ئەزىز ئاكا نارىنباېۋ، فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى پروفېسسور سەيپۇللام ئابدۇللاېۋ، فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى ئالىمجان ھەمراېۋ (ئالمۇتىدىن)، قىرغىزىستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن مەدەنىيەت ئەربابى ئىسرائىل ئىبراگىموۋ، دوسېنتلار: ئەكبەرجان باۋدۇنوۋ، نەبىجان تۇرسۇن، بەختىيار قويچۇېۋ، زىبا مۇسابېۋا، ئابدۇمەجىت دۆۋلەتوۋ، تارىخچى، سەياسەت پەنلىرىنىڭ ماگىستىرى رەخمجان ھاپىزوۋ، ئىبادەت سايتوۋا ۋە باشقىلار ساۋاق ئۆتتى. 2011-يىلىغا كەلگەندە ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ يېتىشمەسلىگى سەۋۋىدىن ئۇيغۇر فاكۇلتېتى يېپىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداق بولسىمۇ قىرغىزىستان ئۇيغۇر فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئۆزىنىڭ 15 يىللىق ئىش پائالىيىتىدە ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى بويىچە مۇتەخەسسىسلەرنى تەييارلاشتا چوڭ تۆھپە قوشتى. فاكۇلتېتىنىڭ ئىش نەتىجىسىدە ئۇنى 100 ئوشۇق ستۇدېنت تۈگۈتۈپ، ئۇيغۇر فىلولوگىيەسى بويىچە باكالاۋر دىپلومىنى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولدى.

خۇلاسلاپ ئېيتقاندا قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللىي مۇئارىپى بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئېچىنارلىق ئەھۋالدا دېسەك زادىلا خاتالاشمايمىز. چۈنكى قىرغىزىستان تەۋەسىدە بۈگۈن بىرمۇ ئۇيغۇر مەكتىۋى ياكى سىنىپ، ھەتتا فاكۇلتاتىۋمۇ يوق. 2019-يىلى كۆرسىتىلگەن دۆلەت ستاتىستىكىسى بويىچە قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي سانى 58 مىڭ 168 ئىكەن. ئويلايمىز ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدىن خېلىلا ئۈستۈن بولۇش كېرەك. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇر فىلولوگىيە فاكۇلتېتىنى قايتا تىكلەش ئىمكانىيىتى بولمىسىمۇ، ئۇيغۇر ئاھالىسى توپ ياشايدىغان ناھىيەلەرنىڭ مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى ئوقۇتۇش سىنىپلىرى قايتا ئۆز ئورنىنى تېپىشى لازىم. بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئەلۋەتتە قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر «ئىتتىپاق» جەمئىيىتى ياخشىراق ئويلىنىشقا تېگىشلىك.

پايدىلانغان مەنبەلەر:
1.ئا. ئاسانقانوۋ «قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرى»،2014 يىل. بىشكەك. 10 - ، 15 - ، 17 - بەتلەر.
2. «ئېركىن توۋ» 1927.
11.07. №126 (334)سان
3.ئا. ئاسانقانوۋ «قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرى» ، 2014 يىل. بىشكەك 23 - ، 25 - ، 27 - بەتلەر.
4. «م. س. ن.» 2006. 11 .07
№75 سان.

# Д У Қ һәйъити Түркия демократ партиясиниң рәһбәрлири билән көрүшти

Уйғур мәсилиси илгири Түркиядә бәзи партия вә гуруһларла көңүл бөлүдиған мәсилә еди. Уйғур мәсилисиниң хәлиқаралишиға әгишип, һазир Түркиядики пүтүн партияләр ортақ көңүл бөлүдиған, баянатлирида орун беридиған мәсилигә айланди. Дуния уйғур курултейиниң муавин рәиси Әркин Әкрәм башчилиғидики һәйъәт йеқиндин буян изчил һалда уйғур мәсилисини оттуриға қоюп келиватқан Түркия демократ партиясини зиярәт қилип, уларға рәхмәт ейтти вә уйғурларниң һазирқи еғир вәзийити, уйғур дәвасиниң хәлиқарадики тәрәққияти вә уйғурларниң Түркиягә, шундақла демократ партиясигә болған тәләплири тоғрисида мәлумат бәрди.

Д У Қ һәйъити билән өткүзүлгән учришишқа демократ партиясиниң рәиси Гүлтекин Уйсал әпәнди, ташқий сәясәткә мәсъул муавин рәиси Мәлиһ Акташ әпәнди, сәясий ишларға мәъсул муавин рәиси Муһәммәт Кәлләчи әпәнди вә парламент әзаси Жамал Әнгин Юрт әпәндиләр иштирак қилди. 19-январь күни чүштин кейин икки саат давамлашқан учришишта Дуния уйғур курултейиниң муавин рәиси доктор Әркин Әкрәм әпәнди уйғурларниң һазирқи еғир вәзийити баян қилинған язма доклад сунғандин сирт, уйғур дәвасиниң Америка, Европа дөләтлиридики тәрәққияти, Дуния уйғур курултейиниң паалийәтлири вә уйғурларниң Түркия һөкүмитигә қойған тәләплири тоғрисида мәлумат бәрди. Ахирида мәзкур партия рәһбәрлириниң уйғурлар тоғрисидики соаллириға жаваб бәрди.

Музакирә ахирида демократ партиясиниң рәиси Гүлтекин Уйсал әпәнди хуласә нутуқ сөзләп мундақ деди: «Мән алди билән уйғур һәйъити билән партиямизниң мәркизидә көрүшкәнлигим үчүн интайин хурсән болғанлиғимни тәкитлимәкчимән. Шәрқий Түркистан дәваси гәрчә Түркия жумһурийити дөлитиниң алдинқи қатардики мәсилиси болмисиму, лекин түрк хәлқиниң қәлбидә чоңқур орун алған бир мәсилидур. Шуңа бизму бу һессият билән қандақ қилип шәрқий түркистанлиқлар дучар болуватқан зулумлар һәққидә хәлқимизгә техиму тәпсилий мәлумат берәләймиз? Сәясий җәһәттин қандақ қилип бу дәвани Түркияниң миллий мәсилисигә айландуралаймиз? Дегәнгә охшаш мәсилиләргә баш қатуруватимиз.»

«Буниңдин кейин демократ партияси уйғурлар үчүн немиләрни қилмақчи?» дегән соалимизға Гүлтекин Уйсал әпәнди демократ партиясиниң 1952-жилидин тартип Шәрқий Түркистан мәсилисигә көңүл бөлүп келиватқанлиғини, буниңдин кейин уйғурлар һәққидики паалийәтлирини техиму күчәйтидиғанлиғини баян қилип мундақ деди: «Партиямиз шәрқий түркистанлиқларниң рәһбири Әйса Йүсүп Алптекин әпәнди 1952-жили Түркиягә кәлгәндин тартип, Шәрқий Түркистан дәвасини изчил һалда паалийәт жүргүзүп кәлгән. Бүгүн Әркин Әкрәм әпәнди башчилиғидики һәйъәт билән музакирә елип бериш арқилиқ Шәрқий Түркистан тоғрисидики мәлуматимизни йеңилидуқ. Гәрчә, парламент әзалиғиға сайланған адәмлиримизниң сани аз болсиму, алдимиздики күнләрдә күчимизниң йетишичә Түркия



(Оңдин солға) Түркия демократ партиясиниң рәиси Гүлтекин Уйсал, Д У Қ муавин рәиси Әркин Әкрәм вә Түркия демократ партиясиниң муавин рәиси Муһәммәт Кәлләчи әпәндиләр. 2021-жили, 19-январь, Түркия.

парламенттида уйғурларниң авази болушқа тиришимиз.»

Түркиядә бәзи кишиләр Шәрқий Түркистан мәсилисини Американиң ойдуруп чиқарғанлиғини, Түркиядә бәзи кишиләр илгири сүргәндәк, хитай зулуминиң йоқлиғини илгири сүрүшмәктә. Демократ партиясидин болған парламент әзаси Жамал Әнгин Юрт әпәнди бу һәқтә тохтилип, буниң сәпсәтидин башқа нәрсә әмәслигини илгири сүрди: «Америка Шәрқий Түркистан мәсилисигә егә чиқиватиду вә қоллаватиду дәп биз Шәрқий Түркистан мәсилисигә егә чиқмаслиқ ғәлитә бир әһвал болуп қалиду. Ундақ болса, Түркия немә үчүн ‹Америка вә Европа дөләтлири Пәләстин мәсилисигә егә чиқмайватиду› дәп қахшайду? Америка пәләстинлиқләргә, сүрияликләргә ярдәм қилса, уларни қоллиса, алқишлайдикәнмиз, Америка шәрқий түркистанлиқларға егә чиқса, Америка уйғурларни күшкүртүп, қалаймиқанчилиқ чиқириватиду дәйдикәнмиз. Бу қандақму мәнтиқиға сиғиду? Бундақ бир иш йоқ. Түркия шәрқий түркистанлиқларни қоллиши вә уларға егә чиқиши керәк.»

19-январь күни демократ партиясиниң мәркизидә өткүзүлгән бу учришишта Дуния уйғур курултейиниң муавин рәиси, доктор Әркин Әкрәм әпәнди уйғурларниң һазирқи еғир вәзийити, уйғур дәвасиниң Америка, Европа дөләтлиридики тәрәққияти, Дуния уйғур курултейиниң паалийәтлири вә уйғурларниң Түркиядин күткәнлири тоғрисида тәпсилий мәлумат бәрди.

Доктор Әркин Әкрәм әпәнди Түркиядә дәва елип беришта чоң-кичик демәй барлиқ сәясий партияләр билән һәмкарлишиш керәклигини, шуңа бу учришишниң муһим екәнлигини оттуриға қойди.

Мәзкур һәйъәттин йәр алған уйғур паалийәтчи Салаһиддин Қәшқәрли әпәнди демократ партияси рәһбәрлириниң уйғурларниң һазирқи еғир вәзийитини яхши билип кәтмәйдиғанлиғини һес қилғанлиғини, шуңа бу хил учришишларниң пайдилиқ болидиғанлиғини оттуриға қойди.

Демократ партияси 1946-жили қурулған болуп, Түркияни 10 жил идарә қилған. Бу партия һакимийәттики вақтида, йәни 1954-жили уйғурларниң рәһбәрлиридин Әйса Йүсүп Алптекин вә Муһәммәдимин Буғра башчилиғидики 1850 кишини Кәшмирдин Түркиягә әкилип орунлаштурған еди. Демократ партиясиниң рәиси Гүлтекин Уйсал әпәнди 10-январь күни «Канал 24 телевизийәси» дә уйғур мәсилиси тоғрисида баянат берип, Шәрқий Түркистан мәсилисидә Хитайни һәқлиқ дәп көргән кишиләрниң түрк миллитиниң бир парчиси болалмайдиғанлиғини тәкитлигән еди.

**Әркин Тарим**

# ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى تۈركىيەدىكى ھەر قايسى پارتىيە ۋە ئورگانلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەندىشىلىرىنى يەتكۈزدى

**14 - يانۋاردىن 21 - يانۋارغىچە** بولغان بىر ھەپتە ئىچىدە ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ئىجرائىيە رەئىسى ئابدۇلھەمەد قاراخان ئەپەندى، خىتاي تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى



مۇدىرى دوكتور پەرھات قۇربان تەڭرىتاغلى ئەپەندى ۋە خىتاي تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى باش كاتىبى دوكتور شەۋكەت ناسىر ئەپەندىلەردىن تەركىب تاپقان ھەيئەت تۈركىيەنىڭ سىياسىي پارتىيەلىرى بىلەن بىر قىسىم ئورگانلارنى زىيارەت قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئېغىر ۋەزىيىتىنى ئاڭلاتتى ۋە "جىنايەتچىلەرنى ئۆزئارا ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى" نىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پەيدا قىلغان ئەنسىزلىك توغرىسىدا مەلۇمات بەردى.

تۈركىيەنى ئىدارە قىلىۋاتقان ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسىنىڭ تاشقى سىياسەتكە مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى، سابىق ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى ئەفكان ئەلا ئەپەندى، تۈركىيە پارلامېنتىدىكى ھۆكۈمەتنى قوللاۋاتقان ئۆكتىچى پارتىيەلەردىن «بۈيۈك بىرلىك پارتىيەسى» نىڭ رەئىسى مۇستاپا دەستىجى ئەپەندى، ھۆكۈمەتنى تەنقىتلەۋاتقان پارتىيەلەردىن «كېلەچەك» پارتىيەسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دوتسېنت سەلچۇق ئۆزداغ ئەپەندى ۋە «دەۋا» پارتىيەسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇراھمان بىلگىچ ئەپەندى ۋە تۈركىيە پارلامېنتىدە ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئىزچىل ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلىۋاتقان "ئىيى پارتىيەسى" نىڭ تۈركىي خەلقلەرگە مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ياۋۇز ئاغىرالىئوغلۇ ئەپەندى قاتارلىقلار ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى رەھبەرلىرىنى ئەنقەرەدىكى پارتىيە مەركەزلىرىدە قوبۇل قىلدى.

ھاكىمىيەتتىكى پارتىيەنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەفكان ئەلان ئەپەندى خىتاي تەلەپ قىلدى دەپ ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرمەيدىغانلىقىنى، تۈركىيە بىلەن خىتاي ئارىسىدا تۈزۈلگەن "جىنايەتچىلەرنى ئۆزئارا ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى" تۈزۈلدى دەپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەندىشە قىلىشىغا ھاجەت يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى ھەيئەتلىرى، ئەفكان ئەلا ئەپەندىگە ئۇيغۇرلارنىڭ 'جىنايەتچىلەرنى ئۆزئارا ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى' دىن پەيدا بولغان ئەنسىرەشلىرىنى يەتكۈزدى، ۋە بۇ مەسىلىگە ھاكىمىيەت بېشىدىكى بىر پارتىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاق پارتىيەنىڭ تېخىمۇ تەمكىن بولۇشى كېرەكلىكىنى تەۋسىيە قىلدى.

بۈيۈك بىرلىك پارتىيەسى، «كېلەچەك» پارتىيەسى، «دەۋا» پارتىيەسى ۋە «ئىيى» پارتىيە مەسئۇللىرى بىردەك، ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئېغىر ۋەزىيىتىدىن، شۇنداقلا تۈركىيە بىلەن خىتاي ئارىسىدا تۈزۈلگەن «جىنايەتچىلەرنى ئۆزئارا ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى» دىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى، مەزكۇر كېلىشىمنىڭ تۈركىيە پارلامېنتىدا ماقۇللۇقتىن ئۆتمەسلىكى ئۈچۈن قوللىرىدىن كەلگەننى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى.

ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ھەيئىتىنى ئىشخانىسىدا قوبۇل قىلغان «بۈيۈك بىرلىك پارتىيەسى» رەئىسى مۇنداق دېدى: «بىز بۈيۈك بىرلىك پارتىيەسى، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي بىلەن ‹جىنايەتچىلەرنى ئۆزئارا ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى› تۈزۈشىگە قارشىمىز. بىز تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي بىلەن بۇنداق بىر كېلىشىم تۈزۈشىنى توغرا تاپمايمىز. لېكىن بۇ كېلىشىم تېخى پارلامېنتتىكى مۇناسىۋەتلىك كومىتېتلاردا مۇزاكىرە قىلىنمىدى. ئالدى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كومىتېتلاردا مۇزاكىرە قىلىنىپ، ماقۇللۇقتىن ئۆتكەندىن كېيىن تۈركىيە پارلامېنتىدىكى ئومۇمىي يىغىندا ماقۇللۇقتىن ئۆتۈشى كېرەك. مەنچە مەزكۇر كېلىشىم ھازىر مۇزاكىرىگە سۇنۇلغان تەقدىردىمۇ ماقۇللۇقتىن ئۆتمەيدۇ. چۈنكى تۈرك خەلقى شەرقىي

ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنىڭ مەسىلىسىنى تۈركىيەدە كۈنتەرتىپكە ئەكىلىش ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ دەردىگە دەرمان ئىزدەش ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى، ھەم شۇنداقلا تېخىمۇ تۈركىستان مەسىلىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ، ھۆكۈمەت كۈنتەرتىپكە ئېلىپ كەلسە تۈرك ئاممىسى قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرىدۇ دەپ ئويلايمەن. بىزمۇ بۇ كېلىشىمنىڭ پارلامېنتتا ماقۇللۇقتىن ئۆتۈشىنى توسۇش ئۈچۈن قولىمىزدىن كەلگەننى قىلىمىز».

كېلەچەك پارتىيەسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دوتسېنت سەلچۇق ئۆزداغ ئەپەندى «كېلەچەك» پارتىيەسى قۇرۇلغان كۈندىن بۇيانقى 2 يىل مابەينىدە ئىزچىل ھالدا ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلگەنلىكىنى، پارتىيە رەئىسى پرروفېسسور ئەھمەد داۋۇتئوغلۇ تەپسىلىي مەلۇماتلارغا ئىگە بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

دەۋا پارتىيەسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇراخمان بىلگىچ ئەپەندى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە دىپلومات ۋاقتىدا ئۇيغۇر ئېلىگە بارغانلىقىنى، ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئىزچىل كۆزىتىۋاتقانلىقىنى، ئىنسان ھەقلىرى ۋە دېموگراتىيە نوقتىسىدىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىرغىنچىلىقىنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنىڭ ھەق دەۋاسىنى قوللايدىغانلىقىنى، ئۇيغۇر مەسىلىسىنى تۈركىيەدە توغرا تونۇتۇشنىڭ مۇھىملىقىنى، بۇ سەۋەپتىن ئۇيغۇرلار ھەققىدە توغرا مەلۇماتلارنىڭ تەمىنلىنىپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلدى.

"ئىيى پارتىيەسى" مۇئاۋىن رەئىسى ياۋۇز ئاغىرالىئوغلۇ مۇنداق دېدى: "بىز ئىيى پارتىيەسى شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۇچراۋاتقان زۇلۇمنى خۇددى بىزمۇ




ئۇچراۋاتقاندەك ھېس قىلىمىز. شۇڭا ئۇ يەردە سادىر بولۇۋاتقان ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتكە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىش مەجبۇرىيەتىمىز بار. شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى بەزى دۆلەتلەر يۇقۇرى دەرىجىدە ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە تۈركىيە دۆلىتىنىڭمۇ قاتتىق ئىنكاس قايتۇرۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ زۇلۇم ئۆتۈپ كەتكەندە شەرقىي تۈركىستان خەلقى بىزگە 'بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە قېرىنداشلىرىمىز ھەجەپ ياردەم قىلمىدى' دەپ قالماسلىقى كېرەك".

پارلامېنت ئەزاسى "ياخشى پارتىيەسى" مۇئاۋىن رەئىسى ياۋۇز ئاغىرالىئوغلۇ ئەپەندى خىتاينىڭ يالغان ئىسپات ياساشقا ماھىر ئىكەنلىكىنى، شۇڭا تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ھەقتە ھۇشيار بولۇشى كېرەكلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: "خىتاي يالغان ئىسپات ياساشقا ماھىر. خىتاي تۈركىيەگە پاناھلانغان ئۇيغۇرلارنى خەلقئارا تېررورلۇق بىلەن ئەيىبلاپ تۇرۇپ بىزدىن تەلەپ قىلىشقىمۇ ئۇستا. شۇڭا تۈركىيە دۆلىتى بۇنىڭغا ھۇشيار بولۇشى كېرەك. خىتاي كىشىلىك ھوقۇق جەھەتتە دۇنيادا جىنايەت سادىر قىلىۋاتقان بىر دۆلەت. شۇڭا بىز 'جىنايەتچىلەرنى ئۆزئارا ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى' نىڭ پارلامېنتىمىزدە ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن قولىمىزدىن كەلگەننى قىلىمىز.»

ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى ھەيئەتلىرى تۈركىيەدىكى 5 سىياسىي پارتىيەدىن سىرت بەزى تۈركىيە ئالىي مائارىپ كومىتېتى، تۈركىيە ۋەقپلەر ئىدارىسى، ئاممىۋى تەشكىلات ۋە ئۇنىۋېرسىتېت رەھبەرلىرى بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ، تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ھەل قىلىش يوللىرى ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ باردى، ھەم شۇنداقلا بۇ ئورگانلارغا، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى رەئىسى پروفېسسور دوكتور ئالىمجان ئىنايەت ئەپەندىنىڭ 'جىنايەتچىلەرنى ئۆزئارا ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى'نى تۈركىيە پارلامېنتىنىڭ ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزمەسلىكىنى تەلەپ قىلىپ يازغان خېتى، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى تەرىپىدىن تەييارلىغان خىتاينىڭ مەدەنىيەت ئاسمىلاتسىيەسى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ھەققىدە مەخسۇس تەييارلانغان «شەرقىي تۈركىستان دوكلاتى»، «مۇستەملىكە ئاستىدىكى دۆلەت: شەرقىي تۈركىستان» دوكلاتى ۋە خىتاي تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن تەييارلانغان «كۆك كىتاب» نامىدىكى يۇرۇشلۇك ھۆججەت خارەكتېرلىك ژۇرنال، ھەمدە دوكتور پەرھات قۇربان تەڭرىتاغلى ئەپەندى يازغان «خىتاي چۈشى» ۋە «خىتاينىڭ بىر يول بىر بەلۋاغ قۇرۇلۇشى ۋە تۈرك دۇنياسى» نامىدىكى كىتابلار تەقدىم قىلىندى.

ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى يەنە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنى داۋاملىق زىيارەت قىلىپ، لوبىچىلىق پائالىيەتلىرىنى توختىماي ئېلىپ بارىدۇ.

ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى

www.uyghurkitap.com



# Человек года

За последний год волонтерство в Кыргызстане развивается очень быстрыми темпами. Начало пандемии коронавируса показало, насколько человечество нуждается в помощи волонтеров. Буквально по всему миру люди помогали врачам, борющимся за жизнь пациентов, а также пенсионерам и согражданам с ограниченными возможностями. В Кыргызстане борьба с эпидемией сплотила миллионы неравнодушных людей. Во время пандемии число добровольцев только выросло.

Один из них Ахмеджан Ахметов – тренер по классической борьбе. Во время пандемии потерял близких друзей и пришел к решению оставить тренерскую работу и примкнуть к волонтерскому движению, Так он стал волонтером. Во время пандемии работал водителем-экспедитором в Медицинском центре «Добрый доктор». А также вместе с друзьями Нази Худайбергеновым и Даниям Джанкырбаевым организовали производство аппаратов концентраторов, доставляли лекарства, продукты нуждающимся по всему Кыргызстану, тем самым спасли огромное количество людей. В настоящее время Ахмеджан продолжает свою волонтерскую деятельность в Медицинском центре «Добрый доктор».

Ахмеджан родился в 1967г. в г.Фрунзе. В 1984г. окончил СШ №31 г.Бишкек. В 1985-1987гг. служил в рядах Советской армии. В 1989г. окончил тренерский факультет Кыргызского государственного института физической культуры и спорта. Свою трудовую деятельность начал в 1989г. в ДЮСШ-5 г.Бишкек тренером по классической борьбе. В 1990-1994гг. работал тренером-преподавателем по классической борьбе. Ахмеджан является членом сборной команды СССР по классической борьбе (1989-1992гг.), чемпионом СССР (1989г.), чемпионом Международного турнира Никола Петрова г.Варна (Болгария-1989г.), бронзовым призером Международного турнира в г.Тшесолоники (Греция-1990г.), неоднократным чемпионом КР, мастером спорта СССР (1986г.).


На фото: 1-й справа - Ахметджан Ахметов

Даже не знаешь, как и что можно сказать этому человеку, какие слова благодарности можно выразить, ведь сам он тоже переболел в тяжелой форме.

Ахмеджан является примером для подражания. Государство оценило его вклад во время пандемии, и удостоило его званием «Человек года 2020» с вручением медали.

Общественное объединение уйгуров КР «Иттипак» поздравляет Ахмеджана Ахметова с заслуженной наградой звания «Человек года 2020», гордится им и желает ему крепкого здоровья и дальнейших успехов в волонтерской деятельности.

**Мавлюдаханум Ахметова**

# Состоялся благотворительный марафон



16 января этого года Общественное объединение уйгуров КР «Иттипак» совместно с Ассамблея Народа Кыргызстана провели благотворительный марафон в поддержку Народного артиста Султана Каримова. В марафоне приняли участие представители этнокультурных центров АНК, ГАМСУМО и уйгурская общественность г.Бишкек и Чуйской области. Вырученные средства пойдут на лечение Султана Каримова за рубежом.







Собкорреспондент. Фото Абдурахима Хапизова

# ТӘБРИКЛӘЙМИЗ



Мошу жилниң январ ейида «Ала-Тоо» йезиси уйғур жамаитиниң Аяллар кенишиниң йеңи рәиси болуп Гулзирә Наметова сайланди. Гулзирә Наметова 1954-жили туғулған. У 1913-жилдин башлап «Ала-Тоо» йезисиниң Аяллар кеңишидә актив ишләп кәлмәктә. Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» жәмийити Гулзирә Наметовани «Ала-Тоо» йезиси Аяллар кеңишиниң рәислигигә сайлиниши мунасивити билән тәбрикләйду вә Гулзирә ханимға мошу жавапкәрлик жамаәт ишида көп утуқларни тиләйду.

**Өз мухбиримиз**

## Әлвида, дост



27-декабрь күни Түркияниң Истамбул шәһиридә турушлук, тонулған дохтур **Ниғмәттулла Ришит һажим оғли** аләмдин өтти.

Ниғмәттулла 1946-жили, 27-май күни Уйғуристанниң Атуш шәһиридә туғулған. Униң дадиси Ришит һажим Түркийдә оқуған, Мусабаевларниң Ғулжидики терә ишләп чиқириш заводида буғалтер болуп ишлигән.

Ниғмәттулла башланғуч мәктәпни Үрүмчидә, оттура мәктәпни Ғулжида оқуған. 1963- жили Шинжаң Тиббий университетигә оқушқа чүшүп, уни 1969-жили муваппәқийәтлик билән тамамлиған. 1970-1971-жиллири Аксу вә Кучар шәһәрлиридә билимини ашурған. 1971-1980-жилларда сәһийә жуқумлуқ кесәлликләрниң алдини елиш мәркизидә дохтур болуп ишлигән. 1980-1981-жиллири Хитайниң Нәнжиң шәһиридики Тиббий университетида билимини ашурған. 1984-жили анисини һәжигә апирип қайтиш йолида Түркиягә келип, йәрлишип қалған, 1988-жили Түркияниң гражданлиғини алған. Түркиядә жиңнә билән давалаш хизмити билән турмуш кәчүргән.

2002-2010-жиллири Түрк Қизил ай тәшкилатида жиңнә билән давалаш дохтури болуп ишлигән. 2007-жилидин 2016-жилиғигә 3 қетимлиқ дуния жиңнә билән давалаш федерациясининиң Түркийә вәкили болған.

2019-жили түрк тилида жиңнә билән давалаш китавиниң 1-қисмини нәширдин чиқарған. Қалған 2-3-қисимлири нәширдин чиқмиди.

2020-жили өзиниң 35 жиллиқ тәтқиқати болған «Уйғур нәгә бариду» намлиқ мақалисида уйғур мәсилиси бойичә өз пикирлирини йезип, көпчилик, жамаәт ичидә чоң тәсул көрсәткән.

**Дохтур Ниғмәттулла Ришит һажим оғлиниң**

вапат болуши мунасивити билән мәрһумниң аилисигә, урук-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз. Мәрһумниң ятқан жайи жәннәттә болғай, Амин!

**Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» жәмийитиниң Мәркизий кеңиши.**

## Әлвида, Устаз



9-январь күни талантлиқ язғучи вә шаир **Мирзаһид Керими һажим** 82 яшта хитай түрмисидә шейит болди. Мирзаһид Керими 1939-жили 11-айниң 24-күни Қәшқәр шәһириниң ғәрбидики Тар Боғуз қәнти Мәхтум Дөңи мәһәллисидә содигәр аилисидә дунияға кәлгән.

Мирзаһид Керими һажимниң 17 яш вақтида, йәни 1956-жили язған «Ана вәсийити» намлиқ шеири әйни вақиттики «Шинжаң әдәбияти вә сәнъити» (кейин нами «Тарим» ға өзгәртилгән) журнилиға бесилғандин кейин, гезит-журналларда арқа-арқидин униң шеирлири йоруқ көргән. 1957-жили 14 миң мисралиқ «Нур вә шекәр» мавзулуқ шеирий романни йезип түгәткән. Муһәббәт вә инсанпәрвәрлик темисидики «Сандуқ ичидики бовақ» шеири «Тарим» журнилиниң 1957-жили 12-санида бесилип чиққан.

1959- жили алий мәктәптә оқуватқан чағлирида хитай тәрипидин: «Йәрлик милләтчи» Шәрқий Түркистан тәшкилатини» қурди дегән сәясий қалпақлар кийгүзүлүп 1972- жилиғичә 13 жил түрмигә қамалған. Түрмидин чиққандин кейинму у «әксил инқилапчи» дегән қалпақ билән йәнә 7 жил нәзәрбәнт үстидә яшиған. «Йүсүп Хас Һажи», «Жудалиқ», «Султан Сәитхан», «Султан Абдурешитхан», «Мирза Абабәкри» қатарлиқ 7 томлуқ 5 тарихий роман китаплириниң нәшири қилинғиниға 15 жил өткән болсиму, мәзкүр китаплардики диний вә тарихий мәзмунләрдин беарам болған хитай даирилири үчүн, униң өйигә бастуруп кирип, униң китапларни мусадирә қилди вә китапханиларда сетилишиниму чәклиди. Шундақла, бу қетимлиқ бастурушта автор жиллардин буян әжир сиңдүргән көплигән қол язмилириниму хитай даирилири тәрипидин мусадир қилинди.

Мирзаһид Керими 2018-жили Қәшқәрдә башқа нурғун язғучилар билән бирликтә қайта тутқун қилинип, 11 жиллиқ қамаққа һөкүм қилинди. Әдип һажим Мирзаһид Керими 2021-жили, 9- январь күни Қәшқәрдә хитай түрмисидә жан үзди.

**Мирзаһид Керими һажимниң**

вапат болуши мунасивити билән мәрһумниң аилисигә, урук туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдуримиз. Мәрһумниң ятқан жайи жәннәттә болғай. Амин!

**Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» жәмийитиниң Мәркизий кеңиши.**

---



«Уйғур миллий ассоциацияси» жәмийәтлик бирләшмиси, миллий жәмийитимизниң Қазақстан «Мирас» анилар кеңишиниң рәиси

**ӘХТИРИМ ӘХМӘТОВА ТУРДАХУН қизиниң**

вапат болуши мунасивити билән мәрһумәниң аилисигә вә урук-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз.

**Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» жәмийитиниң Мәркизий кеңиши.**

---

«Уйғур миллий ассоциацияси» жәмийәтлик бирләшмиси, миллий жәмийитимизниң жанкөйәри, пешқәдәм устаз, «Мирас» анилар кеңишиниң рәиси

**ӘХТИРИМ ӘХМӘТОВА**ниң

вапат болуши мунасивити билән мәрһумәниң аилисигә вә көмкериндашлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз.

---



Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» жәмийити, Мәдәнийәт комитетиниң рәиси, талантлиқ уссулчи Гүлназ Мәхсутоваға аниси

**Гүлжаһан Имәржан қизиниң**

вапат болуши мунасивити билән мәрһумәниң аилисигә, урук-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз. Мәрһумәниң ятқан жайи жәннәттә болсун.

**Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» жәмийитиниң Мәркизий кеңиши.**

---



Бишкәк шәһиридики **Тиливалди һажим башлиқ оттуз оғул мәшрәп әһли**, шу мәшрәпниң әзаси,

**МУҺӘММӘТ ТУРДИ ЮСУПАХУН оғлиниң**

вапат болуши мунасивити билән мәрһумниң аилисигә, урук-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүриду.

---



Төкүлташ мәһәллиси, Аяллар кеңишиниң әзаси Гүлбәһрәм Абдуллаеваға акиси

**АБДУЛХӘМИТ ПАЗИЛАЕВ**ниң

вапат болуши мунасивити билән мәрһумниң аилисигә, урук-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз.

**Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» жәмийитиниң Мәркизий кеңиши.**

---

Бишкәк, **Көк-Яр йезисиниң уйғур жамаити,** шу йезиниң турғуни **АБДУЛХӘМИТ ПАЗИЛАЕВ**ниң вапат болуши мунасивити билән мәрһумниң аилисигә, урук-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүриду

---



Бишкәк шәһиридики **Тейипжан Сламов башчилиғидики оттуз оғул мәшрәп әһли**, шу мәшрәпниң әзаси Дильшатқа, иниси

**РИШАТ ХӘМИТКӘНЖИ оғлиниң**

вапат болуши мунасивити билән мәрһумниң аилисигә, урук-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүриду.

# ПОЗДРАВЛЯЕМ!



***Дорогой и любимый наш папа и дедушка, мы от всей души поздравляем Вас с Днем рождения! Желаем Вам крепкого здоровья, долгих лет жизни и счастья!***

Сколько песен и стихов,
Про маму есть на свете.
А вот про папу,
Не слышали, поверте.

Ведь главнее он в семье,
С тем каждый согласится.
И мы должны к нему вдвойне,
С любовью относиться.

Ведь без него мы бы,
На этот свет не появились.
Благодарить его должны,
За то, что мы родились.

А может тоже он порой,
Ночами просыпался.
Переживал за нас,
И очень сильно волновался.

И хотя он свою любовь,
Открыто не покажет.
Мы знаем, он свое «люблю»,
На деле всем покажет.

Но часто почему-то мы,
Все же папу обижаем.
Того, что хочет он добра,
Мы редко замечаем.

Когда в разлуке вместе с ним,
Мы по нему скучаем.
И радостью не объяснить,
Когда его встречаем.

И знаем, снова, как всегда,
Он, с радостью, нас встретит.
И что по-своему любя,
Он на любовь ответит.

**С большим уважением: супруга, дети и внуки**

# ТӘБРИКЛӘЙМИЗ!

Һөрмәтлик дадимиз **Сәйдикеримни** туғулған күни билән тәбрикләймиз. саламәтлигиңиз яхши болуп, узақ өмүр сүрүң.



**Апимиз башлиқ оғул қизлири вә нәврилиридин**

* * * * *

**Звезда спорта**

## ДАУТ ПОЛТУШЕВ: ХОЧУ СТАТЬ ОЛИМПИЙСКИМ ЧЕМПИОНОМ

«Всегда идти к своей цели и никогда не сдаваться!» - это слова смелого, уверенного в себе молодого спортсмена - **Даута Полтушева.**

Найти цель в жизни, нашему талантливому спортсмену конечно же помогла его большая и дружная семья: папа - Полтушев Дильмурат Султанмагамбетович, предприниматель, управляющий, мама - Полтушева Гульнара Тургунбаевна, администратор, кассир и конечно его братья и сестренка. Даут родился в июне 2006 года, учиться в средней школе №52.

Я, задала ему интересующие мне вопросы:

Даут, как ты пришел в спорт?

*- «В семье у нас пятеро детей, я старший сын, младший братишка, тоже занимается дзюдо. С шести лет отец отдал меня в дзюдо. Этот вид спорта увлек меня. Я пробовал себя в футболе, шахматах, но дзюдо после нескольких занятий все больше и больше стал нравится мне».*

Почему именно этот спорт, тебе нравиться?



*- «Основная причина: 1) самозащита, 2) уверенность в себе, 3) система поясов и рангов, 4) и конечно соревнования».*

Где ты получил первую награду (первое место), кто первый твой тренер? Сколько кубков, наград ты имеешь сейчас?

*– «**1-я победа - II место занял ЦФиБ Стронг» в 2012 году завоевал серебро».** На данный момент мой первый и единственный тренер Осмоналиева Алтын Болотовна - «ЦФиБ Стронг». Обладаю 3-мя кубками, и 35 медалями (25 из них - 1-е места).*

Что самое тяжелое в этом спорте? Чего хочешь достичь в этом



спорте? Какой у тебя разряд?

*– «Дзюдо - это контроль, а не грубая сила. Как и любой спортсмен хотел бы стать чемпионом олимпийских игр. Имею II -ий юношеский разряд».*

Как часто ездишь на соревнования? С какими трудностями тебе пришлось столкнуться на соревнованиях? Что тебе больше всего запомнилось?

*- «До пандемии очень часто ездил на соревнования. Самое главное достойно себя показать, даже если проиграешь. Больше всего запомнил свою первую победу».*

Что ты посоветовал бы мальчишкам и девчонкам при выборе вида спорта?

*– «Всегда идти к своей цели и никогда не сдаваться».*

От всей души желаем Дауту спортивных успехов, новых побед в Новом 2021 году, крепкого здоровья и благополучия его дружной семье.

**Зумрат Хаким**

**«Тәңри Тағ садалири»**

Уйғур радиоаңлитиши өз паалийитини башлиди.
Бу аңлитишни һәр сейшәнбә күни саат **16:45**тә **«Кырғыз радиосиниң»**



FM 106.9 долқунида аңлишиңлар болиду.

Бишкәк – Чуй - FM 106.9
Талас – FM 107.6
Қара-Буура – FM 103.5
Қара-Кол – FM 103.8
Җалал-Абад – FM 105.9
Каныш-Кыя – FM 104.7
Сулукту – FM 102.5
Иссик-Көл – FM 106.0
Нарын – FM 105.0
Алай – FM 101.7
Чоң Алай – FM 102.5